# شەرىئەت ئىسلامىيە نەزىرىدە ئىچىملىك مەسىلىلىرى



مۇسا جارۇللاھ

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇسا جارۇللاھ

# شەرىئەت ئىسلامىيە نەزىرىدە ئىچىملىك مەسىلىلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ كىتابنى مۇئەللىپنىڭ ۋەپاتىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلايمىز.

- نەشرىياتتىن

FROM THE LIBRARY OF GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN NATL RESEARCH CENTER INC

باستۇرۇپ تارقاتقۇچى : ئابدۇلجېلىل تۇران

1999 - 11 - ئاي

ئىستانبۇل - تۈركىيە

## نەشرىياتتىن

تۈركىيەدە مۇسا جارۇللاھ ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئومۇملاشقان، ھازىرقى زامان تۈرك تىلى بىلەن كىتابلىرى نەشرقىلىنىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە چوڭ يىغىنلار ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان (مۇشۇ ئاينىڭ 6 ـ 7 ـ كۈنلىرى ئەنقەرەدە مۇسا جارۇللاھ ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن 1 ـ قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان مۇساجارۇللاھ ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈركىيەلىك ۋە چەتئەللىك ئونلارچە ئالىم، پروفېسسورلار ۋە يۈزلەرچە مۇساجارۇللاھ ھەۋەسكار لىرى قاتناشتى.) بۈگۈنكى كۈندە بىزمۇ ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىپ كىتابخانلىرىمىزغا تەقدىم قىلىشنى ئۆستىمىزدىكى مەجبۇرىيەت ھېس قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە قولىمىزدىكى بۇكىتابنى باستۇرۇپ تارقاتتۇق. ئىنشائاللاھ بۇندىن كېيىنمۇ مۇساجارۇللاھنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ باستۇرماقچىمىز.

بۇ كىتاب ئوسمانىيە تۈرك تىلى بىلەن يېزىلىپ 1927 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان نۇسقىسىغا ئاساسەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلدى.

كىتابنى نەشرگە تەييارلاشتا مۇئەللىپنىڭ ئۇسلۇبىنى ئىمكان قەدەر ئەينەن ساقلاپ قېلىش پىرىنسىپ قىلىندى. كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى قۇرئان كىرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى.

بۇ كىتاب كىتابخانلىرىمىز ئۈچۈن بىر پايدىلىنىش مەنبەسى بولۇپ قالغۇسى.

1999 ـ يىل 11 ـ ئاي .
ئىستانبۇل

## مۇئەللىپ ھەققىدە

مۇسا جارۇللاھ 1875 - يىلى روستودون شەھرىدە تۇغۇلغان. دادىسىدىن 6 يېشىدا يېتىم قالغان. خەت ساۋادىنى ئانىسى پاتىمە خانىم يېنىدا چىقارغاندىن كېيىن ئاكىسى مۇھەممەد زاھىر ئوقۇۋاتقان قازاندىكى كۆلبويى مەدرەسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بۇخاراغا بېرىپ ئىكرام داموللا ۋە ئىئۋاز دامولللالاردىن فىقھى ۋە پەلسەپە ئىلمى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مىر شېرىپ دامولللىدىن ماتېماتىك ۋە ئاسترونومىيە پەنلىرىنى ئۆگىنىدۇ. مۇسا جارۇللاھ بۇخارا قازان مەدرىسەلىرىدىكى ئىلىملەرگە قانائەت قىلماي ئاۋال ئىستانبۇلغا ئۇندىن كېيىن قاھىرەگە بارىدۇ. قاھىرەدىمۇ كۆتكەن ئارزۇسىغا يېتەلمەي مەككە، ھىندىستان ۋە قاھىرە ئارقىلىق بەيرۇت ۋە شامغا بارىدۇ. بۇساياھەتى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئالىملار بىلەن كۆرۈشۈپ دەرسلەرگە قاتنىشىدۇ. بۇ ئالىملاردىن مۇھەممەد ئابدۇھ، شەيخى باخىت ئەپەندى ۋە شەيخ سالىھ ئەپەندىلەر مۇسا جارۇللاھنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 11 يىللىق ساياھەتتىن كېيىن 1907 - يىللىرى

يۇرتىغا قايتىدۇ.

1905 - يىلى پېتروس بورروكقا بېرىپ ئابدۇرەشىد ئىبراھىم چىقىرىۋاتقان «ئۇلپەت» ۋە «تىلمىز» گېزىتلىرىدا ماقالە يازىدۇ.

1905 - 1917 - يىللىرى ئارىسىدا ئىدىل - ئورال شەھىرىدە چىقىۋاتقان كۆپلىگەن گېزىت، ژورناللار دا ماقالىلار ئېلان قىلىدۇ ۋە ئۆزى يازغان نۇرغۇن كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. مۇسا جارۇللاھ 1909 - 1910 - يىللىرى ئوررونبورغدىكى ھۈسەينىيە مەدرەسەسىدە كۆپ قېتىم لېكسىيە سۆزلەيدۇ ۋە سۆزلىگەن بۇ لېكسىيەلىرى مەشھۇر «شۇرا» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 1905 - يىلىدىن ئېتىۋارەن سىياسى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ ۋە روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن پۈتۈن يىغىن، قورولتايلىرىغا ئىشتىراك قىلىدۇ. ئەينى زاماندا «روسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقى» دېگەن نام بىلەن قۇرۇلغان سىياسى تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپ ئەزاسىدىن بىرى بولىدۇ. مۇسا جارۇللاھ بۇ يىغىن ۋە قورۇلتايلارنىڭ ھۆججەت ۋە قارارلىرى، بولۇپمۇ روسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ۋەسىقىلىرىنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 1917 - يىلىدىكى بولشېۋىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن 1930 - يىلىغا قەدەر روسىيە تەۋەسىدە تۇرىدۇ ۋە بۇ

مۇددەت ئىچىدە پېتربسبوروغ ۋە موسكوۋالاردىكى تۈرلۈك دىنى يىغىنلارغا قاتنىشىدۇ. 1930 - يىلى يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە ئىلمى پائالىيەت ۋە ئىلمى تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇپ 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قاھىرەدە ۋاپات بولىدۇ.

ھاياتىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە كىتاب يېزىشقا ئاتىغان بۇيىداكار ئالىمنىڭ 120 ئەتراپىدا كىتاب ۋە يۈزلەرچە ماقالە يازغانلىقى مەلۇم.

# سۆز بېشى

ئۇلارسەندىن ئۆزلىرىگەنېمىلەر نىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى.

( مائىدە 4 - ئايەت)

1925 - يىلى 6 - ئوكتەبىردىن 18 - نويابىر كۈنلىرىگە قەدەر، قىرىمكى ئىستىراھىتىم، ساياھىتىم ئەسناسىدا، ھەر يەردە ھەر كۈنى دېگىدەك بولىدىغان مەجلىسلەرنىڭ، سۆھبەتلەرنىڭ ھەر بىرىدە جامائەت تەرىپىدىن ھەم قىرىمنىڭ مۇھتەرەم ئىماملىرى، مۇھتەرەم خەتىب ئەپەندىلىرى تەرىپىدىن غايەت بۈيۈك ئىھتىمام بىلەن ھاراق مەسىلىلىرى، شاراپ مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى.

ھاراق - شاراپ مەسىلىرىگە جامائەت ھەم مۇھتەرەم خەتىب ئەپەندىلەر نېمە ئۈچۈنكى پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلۈشەتتى. مەنمۇ ئازدۇر كۆپتۇر تەئەججۇب قىلاتتىم.

پۈتۈن جامائەتنىڭمۇ، مۇھتەرەم ئىمام ئەپەندىلەرنىڭمۇ پەتۋالىرى غايەت بۈيۈك تىل بىلەن بولاتتى. مۇزاكىرىلەردە غايەت بۈيۈك ئەدەبكە رىئايە قىلىناتتى. بۈيۈك ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرى ئىچىدە، دىنلىرىغا دىنى مەسىلىلىرىگە جامائەتنىڭ، خەلقنىڭ بۈيۈك ئىھتىراملىرى مېنى مەمنۇن

قىلاتتى.

مەنمۇ ۋەزىپەمنى بىلەتتىم. قىرىمنىڭ ئىمام - خەتىبلىرى ھۇزۇرىدا، قىرىمنىڭ بۈيۈك ئىدارە شەرئىيەسى ھۇزۇرىدا، ھەر ۋاقىت ھەر يەردە ئەدەب ساقلاپ، پەتىۋا تىلى بىلەن سۆز سۆزلىمەك جاسارەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ساقلىناتتىم.

بىلىمەن، سۆز قىلىش، پىكىر بايان قىلىش ھەر بىر ئىنساننىڭ، ھەر بىر مۆمىننىڭ مۇقەددەس ھەققى ئەلۋەتتە. لېكىن مۇھىم مەسىلىلەردە، ئومۇمى مەسىلىلەردە ئەمەل دەستۇرى بولىدىغان پەتىۋالار سۆزلىمەك، يازماق، ئېلان قىلماق پەقەتلا ئىدارە شەرئىيەلىرىنىڭ، دىنى نازارەتلىرىنىڭ ھەققى بولۇشى شۇ كۈندە زۆرۈردۇر، ئەلۋەتتە.

بۇ مۇلاھىزەمنى بەش - ئون يىل بۇرۇن سۆزلىگەن ئىدىم، يازغان ئىدىم. «ئىسلام مىللەتلىرىگە» «شەرىئەت ئاساسلىرى» غا ئوخشاش كىتابلىرىمدا كېيىنكى كۈنلەردە تەكرار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم.

بۇنداق بولسا ئىدى، پىكىردە ھۆررىيەت ھەققى، ھەم ھەر خۇسۇستا ئىجتىھاد قۇۋۋىتى ئىنسانلارنىڭ ھەر بىرىگە تەمىن قىلىنغان بولۇپ، ئەمەل دەستۇرى، ھايات قانۇنى بولىدىغان ئىسلام تەلىملىرى ھەر زاماننىڭ ھاجەتلىرىگە، ھەر ماكاننىڭ ئەھۋاللىرىغا، ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ سەۋىيىلىرىگە كۆرە ئوچۇق سۈرەتتە تولۇق ئاساسلىق بىر يولدا تەيىن تاپاتتى.

بۇنداق بولسا ئىدى، ئىجتىھادنىڭ ئەبەدى داۋام قىلىشى، مۇجتەھىدلارنىڭ ھەر يەردە ھەر زاماندا كۆپ بولۇشى، مەزھەبلەرنىڭمۇ ئىختىلاپى بۈيۈك بىر ئىجتىمائى نېمەت بولاتتى. غايەت بەرىكەتلىك بىر ئىلاھى رەھمەت بولاتتى. بۈگۈنكىدەك ئىسلام مىللەتلىرى ھەيرانلىقتا قالماس ئىدى.

شۇنداق بولغاندا، ئىجتىھادنى مۇنقەرىز قىلىش بالالىرى ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ قەلبلىرىنى قەتلى قىلغان بولمايتتى. زېھىنلىرىغا، پىكىرلىرىغا شىددەتلىك سەكتە (بىخوتلۇق) بەرگەن بولماس ئىدى.

شۇنداق بولغاندا، ئىززەتلىك تۈركلەرنىڭ ھەممەتلىرى مىللى ھاياتنىڭ مەدەنى قانۇنلىرىنى يات مەنبەلەردىن، چەت مىللەتلەردىن ئالماق (قوبۇل قىلماق) ئېھتىياجلىرىغا مەجبۇر بولماس ئىدى.

ھاراق ـ شاراپ مەسىلىلىرىدە قىرىم مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەتىۋالىرى ھۇزۇرىدا بۈنىڭغا سۈكۈت قىلاتتىم. مەسىلە مېنىڭ نەزىرىمدە تامامەن روشەن بولسىمۇ، ئۇن سەككىز ئۇن توققۇز يىل بۇرۇن «اللزوميات» نىڭ (53 ـ 59 ) بەتلىرىدە بۇ مەسىلىنىڭ پۈتۈن تەرەپلىرىنى تەپسىلى بايان قىلغان بولساممۇ سۈكۈت قىلاتتىم. بۈيۈك ئىدارە شەرئىيەگىزنىڭ قارارىغا مۇراجىئەت قىلىڭ! سۆزى بىلەن كۇپايىلىنەتتىم.

«ئۇمۇمى مەسىلەرنى ھەل قىلماق، ھەل قىلدۇرماق يولىدا

مۇھتەرەم ئىمام ئەپەندىلەر، مۇھتەرەم خەتىب ئەپەندىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋىغان بولسا، ئەمەل دەستۇرى بولالايدىغان ئاساسلىق قارارلىرىنى ئىدارە شەرئىيە مەرپىتى بىلەن ئېلان قىلىدىغان بولسا، مەنمۇ سىزگە ئىشتىراك قىلىشىم مۇمكىن. پىكىرلىرىمنى، مۇلاھىزىلىرىمنى زامانىۋى مۇسۇلمانلىق سەھپىلىرىدە روسىيە مۇسۇلمانلىرىغا، ئىمام خەتىبلىرىغا بۆيۈك رىغبەت بىلەن ان شاء الله مەنمۇ ئوتتۇرىغا قويىشىم مۇمكىن» دەيتتىم.

جامائەتنىڭ، ئىماملەرنىڭ سۇئاللىرى غايەت ئاسان، غايەت روشەن ئىككى مەسلە ھەققىدە بولاتتى:

1ـ ئۈزۈم شەربىتىگە ئۇخشاش بۆگۈنكى هاراق هارامىمۇ؟ نىجىسمۇ؟

2 ـ ئۈزۈمدىن شىنە چىقارماق، شىنەلىرىنى شاراپ قىلىپ ساتماق روسىيە مۇسۇلمانلىرىغا جائىز بولارمۇ؟

خەلق مۇشۇ مەسىلىلەرگە ھەر يەردە كۆڭۈل بۆلەتتى. بۇنىڭغا مەن بىر ئاز تەئەججۇب قىلاتتىم. ئاقىۋەت كۆڭۈل بۆلۈشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر ئاز چۈشەندىم.

ئەۋۋەلقى مەسلە فىقھى كىتابلىرىدا رىۋايەتلەرنىڭ تەسرى بىلەن، مۇقەللىد(تەقلىدچى) فەقىھلەر، مەغرۇر ئالىملار ۋاستىسى بىلەن، خەلق ئارىسىدا ھەر يەردە تارقالغان ۋەغايەت كۈچلۈك بىر ۋەھىمەشە كىللەندۈرگەن بولۇپ،

بۇچۇشەنچىلەر:

هاراملىق، نىجىسلىق ئۈزۈم شاراپلىرى، خورما شاراپلىرىغىلا خاسمىش! باشقىلىرى پاكمىش، ھەممىسى ھالالمىش، ھەتتا مۇدەررىسلەردىن بىرى «روس ۋوتكىسى بىلەن تاھارەت ئالماق جائىز بولىدۇ» دېگەنمىش.

بىلمەن، بۇنداق بۆيۈك بىر ۋەھىمە مۇقەللىد فەقىھلەرنىڭ ئارىسىدا مەشھۇردۇر. فىقھى كىتابلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئازدۇر كۆپتۇر باردۇر. خەلق ئارىسىغىمۇ تارقالدى. مۇپتىلا بولۇشقىمۇ ئازدۇر كۆپتۇر سەۋەب بولدى.

روسىيە تاتارلىرىدا ھاراق بالاسى باردۇر. دوكانلاردا، تويلاردا، نىكاھ مەجلىسلىرىدە ئۈزۈم شاراپلىرى ھەر ۋاقت بولمىسىمۇ روس ۋوتكىسى ئەرزاندۇر، ئاددىدۇر، ھەر يەردە ئادەتتە تېپىلىدۇ. ھەر يەردە باردۇر. قىرىمدىمۇ نىكاھ مەجلىسلىرىدە كۆردۈم: قىرىق گرادوسلۇق ئۈچ پوتولكا ئىدى. سورىدىم: «شاراپ ھارام بولسىمۇ، راقى ھالالدۇر» دېدى. ساۋادى يوق تەربىيە كۆرمىگەن بىر ئادەم ئىدى.

چۈشەندىم، بۇرەۋولۇتسىيەنىڭ تەسىرىدىن ئەمەس ئىدى، بەلكى مۇقەللىد فەقىھلەرنىڭ كونا تەربىيەسى ئىدى.

بۇنداق ئەھۋاللارنى بىر قانچە يەردە كۆردۈم. تاماشا قىلدىم. مۇتەئەسسىر بولدۇم. يارتىلىشى ساپ سادە خەلقنىڭ پىكىرلىرىگە، ۋىژدانلىرىغا بۇنداق بۆيۈك بىر ۋەھىمىنىڭ

مەزھەب يولى، دىن نامى بىلەن كۈچلۈك سۈرەتتە ئېقىپ كىرىشى ۋە يېزدانىمنى، قەلبىمنى ئازابلايتتى. تەئەسسۇپ قىلاتتىم، ئەپسۇسلىناتتىم.

ئەۋۋەلقى مەسىلە ئاساسى جەھەتتىن غايەت ئاجىز، قىممەتسىز بولسىمۇ، جاۋابىمۇ غايەت ئاسان غايەت ئوچۇق بولسىمۇ، ئەمماﺋۇ خەلقىنىڭ ئەقىدىلىرىغا غەلىبە قىلغان شىددەتلىك ۋەھىمە كۈچى بىلەن، مەسىلە غايەت مۈشكۈل بولۇپ قالغان. بۇھالدا، ھەنىپى مەزھىبىگە تەقلىد قىلىشقا توغرا كەلسە، ئىجابى جاۋابىمۇ مۇمكىن بولماس، ھەتتا «راقى دۇرۇس، ئەلۋەتتە ھالال پاكتۇر» دېمەك لازىم بولۇپ قالغان بولاتتى.

لېكىن كېيىنكى مەسىلە چوڭ بىر ئىقتىسادى ئېھتىياج تۇپەيلىدىندۇر. بۇيەردە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ھايات مەسىلىسىدۇر. قىرىمدا كۆپ بىر قىسىم خەلقىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى باغدىن، ئۈزۈمدىن كېلىدۇ. ئۇ يەردە شىرنە چىقارماق، شىرنە ساقلىماق، شاراپ ساتماق جائىز بولمايدىغان بولسا، كۆپ بىر تۈركۈم خەلقىنىڭ ئۆزلىرىمۇ پۈتۈن ئائىلىلىرىمۇ پۈتۈن تەمىناتلىرىدىن، ناھايەت يەرلىرىدىن، باغلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، تامامەن مۇپلىس بۇلۇپ، (تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ) ئۆزى ئائىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە باشقىلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

مەسىلە ھايات مەسىلىسىدۇر. مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىقتىساد مەسىلىسىدۇر. بۇھەنەپىلەرنىڭ «بىدائىع» كەبى ئەڭ ئىشەنچلىك فىقھى كىتابلىرىدا ئاساسلىق بىر پەتىۋا ھالىدا چۈشەندۈرۈلگەن ۋەجاۋابلىرىمۇ بەك روشەن يېزىلغان غايەت مەشھۇر بىر مەسىلىدۇر.

«ئۈزۈمدىن شىرە چىقىرىپ شاراپ بولغاندىن كېيىن شاراپىلىرىنى ئەنگىلىيە، خىتايدەك يەرلەردە ۋە شۇنىڭدەك باشقا ئۆلكىلەرگە، بۈگۈنكى روسىيەدىكىدەك غوسۇنلەر ياكى يۇدۇۋاللارگە ساتماقنىڭ جائىزلىقىدا ئىختىلاپ يوقتۇر. ئىسلام دۆلەتلىرىدە زىممىلەرگە مۇئاھىدلارغا مۇستەئمىنلارغا ساتماق كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ نەزىرىدەئەلۋەتتەجائىزدۇر»

ھەنەپىلەرنىڭ پەخرى بولالايدىغان، ھەمدە ھەنەپىلەرنىڭ باشقا مەزھەبلەرگە غەلىبىلىرىگە قۇۋۋەت بولالايدىغان « بىدائىع» كەبى ئىشەنچلىك مۇتىۋەر كىتابىنىڭ «ئىچىملىك توغرىسىدىكى بابىدا»، يەنى 7 ـ جىلدىنىڭ 40 سەھىپىسىدە بۇ مەسىلىنى بەك روشەن ۋە دەلىل ـ ئىسپاتى بىلەن بايان قىلىدۇ.

خەلقىنىڭ مال ـ مۈلكىگە، دىنىغا، ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا، ئائىلىسىگە زىيىنى بولىدىغان ۋەھىملىرىنى پۈتۈن قانائەت ۋە جاسارەت بىلەن تارقاتقان تەقلىدچى غاپىل موللىلار، خەلقىنىڭ ھاياتلىرىغا، ئېھتىياجلىرىغا ئائىت غايەت ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرگە نىمەئۈچۈن كۆڭۈل بۆلمىدى؟ نېمە ئۈچۈن

بۇنىڭدىن غاپىل قالدى ؟
بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىپتىراپ تىلى، نەسىھەت يولى بىلەن ئوچۇق بايان قىلالىسا ئىدى، بۇيۈك ئىبرەتلىك ئەھۋاللار بەلكى مەلۇم بولاتتى.
مەسىلىلەرنى بايان قىلدىم، جاۋابلىرىنىمۇ ھەنەپى كىتابلىرىدىن نەقىل كەلتۈردۈم. تەقلىد يولى بىلەن جاۋاب كۇپايە قىلىدىغان بولسا، مەسىلە ھەل قىلىنغان بولدى، جاۋابلىرىمۇ ئوچۇق مەلۇم بولدى دېيىشكە بولىدۇ.
راقى(ھاراق) شاراپ كەبىدۇر. ھاراقنىڭ ئۆزىدۇر. ئەلۋەتتە ھارامدۇر. ئۈزۈمنىڭ شىرەلىرىنى چىقارماق ھەر يەردە ھەر ۋاقىت جائىزدۇر. قىرىم، تۈركىستانغا ئوخشاش يەرلەردە شاراپلىرىنى پودۋاللارغا، غوسۇنلارغا ساتماق ئەلۋەتتە جائىزدۇر.
ھەنەپى ئىماملىرىنىڭ جاۋابلىرى يۇقىرىقىدىن ئىبارەتتۇر.
بۇيۈك سەلەفنىڭ قۇدرەتلىك قەلىمى بىلەن توپلانغان ھەدىس كىتابلىرى، پۈتۈن مەزھەبلەرنىڭ فىقھى كىتابلىرى مەيداندادۇر. ھەنەپىلەرنىڭ «ھدايە» « بدائع» كەبى فىقھى كىتابلىرىمۇ بەلكى ھەممىڭىزدە باردۇر. شۇ كۈنكى ئىجتىمائى ھاجەتلىرىڭىزنىڭ ئوچۇق ھەم گۈزەل جاۋابلىرىمۇ فىقھى كىتابلىرىڭىزدا باردۇر، پەقەت ئوقۇش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولۇشى مۇمكىن. كېلىڭ، ئازراق ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىڭ، بۇ

گۈزەل بىر ھېممەتتۇر.

## شۇ زاماننىڭ ياش ئوقۇغۇچىلىرىغا مېنىڭ تەۋسىيەلىرىم

1 ـ پۈتۈن مەزھەبلەرنىڭ فىقھى كىتابلىرىنى، تەشەككۇر تىلى بىلەن بايان قىلىمەن. پالانى مۇنداق ئىشنى بىر كۈنى مۇنداق دېدى دېگەنلىرىنى مەنمۇ ئوقۇدۇم. ئۇنداقمىش، مۇنداقمىش دېگەنلىرىنى كۆردۈم، ھەر بىرىنى ھەر ئادەمدىن ئارتۇق تەقدىرلەيمەن. بۈيۈك مۇجتەھىدلارنىڭ بەرىكەتلىك ئىجتىھادلىرىدىنمۇ ئىلھام ئېلىپ (ئىلھام ئېلىشمۇ ھاجەت بولىدىغان بولسا)، ئىمكان چىقىدىغان بولسا، «دېدىم» لىرىنىمۇ، «دېدۇق» لىرىنىمۇ كىتابلىرىمنىڭ سەھىپىلىرىدە يازىمەن. ئىجتىھاد مەنبەلىرىدە ئەدەب تىلى بىلەن بايان قىلىمەن.

بۇنداق قىلىش سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ مۇقەددەس ھوقۇقىمىزدۇر. بەلكى بۈگۈن پەرز ئەين بولۇپ قالغان بىر ۋەزىپىمىزدۇر.

2 ـ ھەر كۈنى ھەر كېچە نامازلارنىڭ ھەر بىرىدە ھەر بىر رەكئەتلىرىدە پۈتۈن ئۇممەتنىڭ ئىخلاسلىق «بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن!» دېگەن دۇئاسىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوبۇل بولۇشى ئۈمىد قىلىنسا، شارىئى ھەكىم ھەزرەتلىرىنىڭ مەسۇم پەرىشتىلىرىنىڭ «ئامىن» لىرى ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە ئىجابەت بولىدىغان بولسا، قوبۇل دەقىقىلىرى ئىجابەت سائەتلىرى شۇ

ۋاقىتتۇر.

3 ـ ئىجتىھاد يوللىرىدا ھىدايەت، تەلەپ يوللىرىدا بۈيۈك مۇجتەھىدلارنىڭ ئەدەبلىرىگە ئىقتىدا، ناماز دۇئالىرىنىڭ، پاتىھە دۇئالىرىنىڭ بۈيۈك بەرىكەتلىك نەتىجىلىرىدۇر.

بۇنداق بولمايدىغان بولسا، يەنى ئىجتىھاد ھىدايىتى ئىسلام ئۈممەتلىرىدە بولمايدىغان بولسا، بۈيۈك مۇجتەھىدلار كەبى ئىجتىھاد ئالىملىرى بۈگۈن بىزدە تېپىلمايدىغان بولسا، ئەسىرلەر بويىچە پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئىخلاسلىق دۇئاسى (كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا قىلغان دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر) بىكار بولۇپ قالاتتى.

4 ـ قۇرئان كەرىم ئەرشى ھەقىقەتتىن بىزنىڭ قەلبىمىزگە نازىل بولدى. پەيغەمبەر تەلىماتى بالاغەت تىلى بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزگە تولدى. بىزنىڭ پىكىرلىرىمىزنىڭ يۈكسەكلىكىگە، ھەرىكەتلىرىگە ئاسمانلارنىڭ كەڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ قالدى. ئاسمانلارنىڭ پۈتۈن نۇرلىرىنى قەلبىمىز، يەرلەرنىڭ پۈتۈن نۇرلىرىنى ئەقلىمىز قوبۇل قىلدى.

بۇنىڭغا ئاساسەن ھەر خۇسۇستا توغرىلىق شەرەپلىرى بىزنىڭ ھوقۇقىمىزدۇر. ئەھلى ئىسلامنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقىدۇر.

تەبئەتلىرى ساپ مىللەت باللىرىنىڭ پاك روھلىرىغا، ياش زېھىنلىرىگە ئورنىتىش يولى بىلەن، كېيىنكى 4 جۈملە

سۆزۈمنى ئۇممەت نامىدىن بۇ يەردە مۇناسىۋەت بىلەن مەن يازدىم.

زامانىمىزدىكى ياش ئوقۇغۇچىلىرىغا، رىغبەتلىك مۇئەللىملەرگە، مەسجىدلەرنىڭ روھلۇق ئىماملىرىغا، بالاغەتلىك خەتىبلىرىگە مېنىڭ تەۋسىيەم كەبى بىر نەرسە بولىدۇ.

ئەدەبى، ئىجتىمائى بەلكى سىياسى ئىنقىلابىمىزنىڭ ئەڭ زۆرۈر، ئەڭ ئەسلى ئاساسلىرى بىزگە كۆرە ئەلۋەتتە شۇ دۇر.

## قۇرئان كەرىم ھۆكمىدە ئىچىملىك

باغ ئۈزۈم ئىگىلىرىمىزنىڭ ھاجەتلىرىگە، ئارزۇلىرىغا قانائەت بېرەلەيدىغان بىر يولىمىزمۇ، مەسىلىلەرنىڭ فىقھى كىتابلىرىدىكى جاۋابلىرىمىزمۇ ھەنەپىلەرگە كۆرە يازدىم.

ئۈزۈملەرنىڭ شىرنەلىرىنى چىقارماق، شاراپلىرىنى شۇ كۈنكى روسىيە، قىرىم، قاپقاسىيە، تۈركىستاندا غوسۇنلارغا، پودۇاللارغا ساتماق ھەنەپىلەرگە كۆرە ئەلۋەتتە جائىزلىقىدا ئىختىلاپ يوقتۇر.

تەقلىد دائىرىسىدىكى شۇ يولدا ئەھمىيەتلىك ئاساسلىق مەقبۇل جاۋاب تامام بولدى.

مەسىلىلەرنىڭ جاۋابلىرىنى تېخىمۇ زىيادە ئاساسلىق سۈرەتتە، شەرئى دەلىللەر قۇۋۋىتى، ئىجتىهاد نۇرى، پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن ئېيتىپ، ئىدارە شەرئىيەلەرنىڭ، دىنى

نازارەتلىرىنىڭ، ئىلمى كېڭەشلىرىنىڭ توختاتقان قارارلىرىغا ئاساس ھازىرلىماق ئارزۇسى بىلەن، مۇلاھىزىلىرىمنى بۇ يەردە ئۆز مۇناسىۋىتى بىلەن تەپسىلى يازدىم. بۇ ئاللەخالىسا يات پىكىرلەردىن، چەتئەللەرگە مۇھتاجلىق قوللىرىنى سوزماق مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىزنى خالاس قىلىدىغان ئىجتىھادنىڭ جانلىق بىر نەمۇنىسى بولىدۇ.

«بىز ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز»

1 ـ ئىچىملىكلەرنىڭ ھەر بىرى قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى بىلەن ئوخشاشلا ھارامدۇر، ئەلۋەتتە.

ئۇ ئىچىملىك ئۈزۈم، خورما، ئەنجۈردەك مېۋىلەردىن ياسالغان بولسىمۇ، بۇغداي، ئارپىغا ئوخشاش دانلىقلاردىن بولسىمۇ، سۈننەتنىڭ قەتئى بايانى بىلەن ھەر بىرى ھاراقتۇر. قۇرئان كەرىم بايانى بىلەن ھەر بىرى پەرقسىز ھارامدۇر.

2 ـ «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىسىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن.» (بەقەرە ـ 219 ـ ئايەت)

قىمار ئىسلام شەرىئىتىدە ھەر ۋاقىت ھارام ئىدى. ھەر ۋاقىت ھارامدۇر. ھاراقمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ.

شۇ ئىككى ئايەتنىڭ قەتئى ئوچۇق ئىپادىسى بىلەن هاراق ئەلۋەتتە چوڭ گۇناهتۇر.

«ئېيتقىنكى، الله بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان زىننەتنى ۋە پاك رىزىقلارنى كىم هارام قىلدى؟» (ئەئراف 32 ـ ئايەت) دېگەندەك مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەردە ئومۇمەن هارام قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭغا كۆرە هاراق يالغۇز مەدىنىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىسلام يېڭى باشلانغان زامانلاردا هارام قىلىنغان ئىدى. «بۇلارنىڭ هەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناه (بار)» دېگەن ئىلاهى جۈملە بىر هۆكۈم بولماي، بەلكى مەلۇم هۆكۈملەرنىڭ بىرىنى بايان قىلدۇ.

دېمەك، ئىسلام شەرىئىتىدە هاراق هەم مەدىنىدە هەم مەككىدە بۇرۇنمۇ هارام ئىدى. هەتتا ئىسلامدىن بۇرۇن ئىسىملىرى مەلۇم ئەرەب هەكىملىرى، هەنەپىلىرى (بۇت پەرەسلىكنى ئىنكار قىلدىغانلىرى)، هەر بىرى، شائىرلارنىڭمۇ بەزىلىرى هاراقلارنىڭمۇ هەر بىرىنى هارام قىلغان ئىدىلەر « بلوغ العرب من أحوال العرب» كە ئوخشاش ئەدەب ئىنسىكلوپېدىيەلىرىدە تەپسىلى مەلۇمات باردۇر.

مەدىنىدە ئەۋۋەلقى يىللاردا هاراق بالالىرى ئازدۇر كۆپتۇر بولغان ئىدى. كونا جاهىلىيەت ئەنئەنەلىرىنىڭ قالدۇقى ئىدى. هاراقنىڭ ئۇ چاغدىكى هالاللىقى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولمىسا، شەرىئەت هۆكمىدە غايەت قەبىھ، غايەت بۈيۈك بىر

قارىمۇ قارشىلىق لازىم كېلىدۇ. ئەڭ كىچىك گۇناھلارنى هارام قىلىسمۇ، ئەڭ بۈيۈك گۇناھلارنى هالال سانىماق كەبى بىر مەسخىرىلىك لازىم كېلەتتى.

«بۇلارنىڭ هەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ بار» جۈملە ئىلاهىيەسى تەلەپ ئەمەس، جۈملە ئىنشائىيە مۇ ئەمەس، بەلكى خەۋەردۇر. جۈملە خەۋەرجۈملىسىدۇر. هاراقنىڭ قىمارنىڭ دىنغا، مەدەنىيەتكە، بەدەنگە، ئىجتىمائى، ئىقتىسادى، ئومۇمى، خۇسۇسى زىيانلارنىڭ توپلىنىشىدىن ئاقىۋەتتە هالاكەتلىك بىر نەتىجىدىن ۋە خەتەرلىك بىر ئاقىۋەتتىن هىكايىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، گۇناھ مۇپرەت (يالغۇز جۈملە) بولدى. بۇنىڭغا كۆرە چوڭ گۇناھ بولدى.

«ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنە ماددى) پايدىمۇ بار» دېگەنلىك سىكونوتلۇق لەززەت، مىنوتلۇق خۇشاللىقا ئوخشاش، ئاز كۆپ تىجارەت پايدىلىرىدەك مەنپەئەتلەردىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا ئاساسەن جەمئى كەلىمىسى بىلەن زىكرى قىلىندى. مىنوت، سىكونوتلۇق توختاملىق پارچە پۈچەك مەنپەئەتلەر نەتىجىدە نۆلگە بارۋەر بولغان جەھەتتىن بۇ يەردە مۇپرەت كەلىمىسى قوللىنىلدى.

قىمار ـ جاهىلىيەتتە (ئىسلامدىن بۇرۇن) ئەرەبلەرنىڭ پەخرى هېسابلىناتتى. قىمار ئويۇنلىرىغا ئەرەبلەرنىڭ ئايرىم

مۇنتۇەرلىرى ئازدۇر كومپيۇتېر بايلىرى قاتنىشالايتتى.خەلق ئاچ قالغان يوقسۇل قالغان دەقىقىلەردە ئوينىلىپ، پايدىلىرى ياكى قالدۇقلىرى ھاجەتمەنلەرگە بېرىلەتتى. بۇگۈنكى قىمارلاردا ئۇنداق ئىشلار قالمىدى. ئاچلىق، يوقسۇللۇق دەقىقىلىرىدە ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجلىرى زاكاتقا ئوخشاش خەير - ئېھسان يوللىرى بىلەن تەمىن قىلىنىپ، ئۇنداق ئويۇنلارنى ئويناش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئويۇن خەتەرلىرىگە باغلىماق تامامەن ھارام قىلىندى.

مىنوت، سكونوتلۇق مەلۇم مىقتاردىكى ئازغىنە مەنپەئەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئاچكۆز - شەھۋەت كۆزىگە كۆرۈنۈپ كېتىپ، نەزەرلىرىدە بەك چوڭ نەرسىدەك تۇيىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتلىرىگە، ھىسياتلىرىغا، نەزەرلىرىگە مۇۋاپىق يول بىلەن، قۇرئان كەرىم بۇ يەردەزىيانلىق نەرسىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى تۇرلۇك شەكىلدە بالاغەتلىك بىرجۇملەبىلەن زىكرى قىلدى.

ھاراقنىڭ ناھايىتى چوڭ زىيىنى بولىشىمۇ، تۇرلۇك پايدىلىرىمۇبار دېدى.

ئىنسانلارنىڭ ھىسلىقلىرىغا، نەزەرلىرىگەنىسبەتەن قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر ۋاقىت ئېھتىرامى باردۇر. دۇشمەنلىكنىڭ شۇبھىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرىنى بايان قىلىشتا قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر ۋاقىت غايەت بۈيۈك ئىنساپى باردۇر.

شەكىللەر ھەر ۋاقىت غايەت بالاغەتلىك جۈملىدە زىكرى قىلىنىدۇ. «گۇناھ» دېگەن كەلىمە مۇپرەت (بىرلىك) قوللىنىپ، «منافع» (مەنپەتلەر) كەلىمىسىدە كۆپلۈك قوللىنىلىشىمۇ بۇنىڭغا ئاساسەن بولسا كېرەك.

«لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» يەنى قارىمۇ قارشىلىق شەكلى تەسلىم يولى بىلەن قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا، هاراق، قىمارنىڭ گۇناھلىرى، زىيانلىقلىرى پايدىلىرىدىن چوڭدۇر. هاراقنىڭ زەھىرى بىلەن ئەقىل، ئەمەل، بەدەنىنىڭ بۇزۇلۇشى كىچىك لەززەت، مىنۇتلۇق خۇرسەنلىكتىن ئەلۋەتتە بۈيۈكتۇر.

ئۇممەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ جاۋابمۇ قۇرئان كەرىم مەنئى قىلىشتەك قەتئى بىر خىتابتىن توختاپ، كۇپايەت مىقتارى ئىككى جۈملىدىلا زىكرى قىلىندى.

1 ـ بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار» جۈملىسى. 2 ـ «لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» جۈملىسى.

ئىنسانلارنىڭ نەزەرلىرىگە، ئەھۋاللىرىغا، ھاجەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدە شۇ ئىككى جۈملىدە بەك چوڭ كەڭچىلىك باردۇر.

بىرى: ئەھۋاللىرىغا، ھاجەتلىرىگە، ئىشتىهالىرىگە كۆرە، ئىنسانلارنىڭ جۈزئى مەنپەتلىرىمۇ ئەلۋەتتە مۇتىۋەر بولىدۇ

دېمەكتۇر.

يەنە بىرى: ئەسكىلىكلەردىن ساقلىنىپ، يالغۇز مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بولسا، ئىنساندا ئەلۋەتتە ئىختىيارلىق بولۇشى مۇمكىن دېمەكتۇر.

بۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇممەتنىڭ بۈيۈك مۇھىم مۇئاللىرىنىڭ جاۋابىنىمۇ ئىنسانلارنىڭ نەزەرلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارلىرىنى قۇرئان كەرىم قەتئى چەتتە قالدۇرمايتتى. ئەۋۋەلقى يىللاردا ساھابە كىراملارنىڭ بەزىلىرى ئازدۇر كۆپتۇر ئاسانلىق يوللىرىدا ھەرىكەت قىلماس ئىدى. تەپسىرلەردە، ھەدىس كىتابلىرىدا مەزكۇردۇر: شۇ ئايەت كەرىمە نازىل بولغاندىن كېيىن ساھابە كىراملارنىڭ بەزىلىرى، ھەتتا ئىمامى ئېلى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ھەزرەتلىرىدەك بۈيۈكلىرىمۇ ھاراق ھەققىدە ئاز- كۆپ يەڭگىللىك قىلىشاتتى.

3 - «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار». (نىسا 43 - ئايەت)

بۇ— ھاراق ھەققىدە نازىل بولۇش ئېتىۋارى بىلەن ئىككىنچى ئايەتتۇر. ھىجرىينىڭ ئەۋۋەلقى يىللىرىدا نازىل بولدى. بۇ ئايەتتىكى خىتاب مەسلەرگەدۇر. خىتاب قىلىنغۇچى چۈشىنەلمەيدىغان بولسا، ئەقىللىق سۆزلىگۈچى ئەلۋەتتە

خىتاب قىلمايدۇ. مەسىلىك يەكگىل بولىدىغان بولسا، مەس ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇ.

سۆزدە، تىلاۋەتتە (قۇرئان ئوقۇشتا) ئازدۇر. كومپيۇتېر خاتالىقىنىڭ يول قويۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان مەسىلىك، ناماز دەك بۈيۈك بىر پەرزنىڭ ھارام بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان بولسا، ھاراق ئەڭ بالاغەتلىك بىر بايان بىلەن ھارام قىلىنغان بولاتتى. ھەتتا مەسىلىكنىڭ يەكگىلراقىمۇ ھارامدۇر دېگەن بولىدۇ.

ئەۋۋەلقى ئايەتتە ھارامنىڭ ئىسمى، يەنى ھاراق زىكرى قىلىندى. شۇ ئايەتتە ھاراملىق جەھەتتىن، يەنى مەسلىك زىكرى قىلىنىپ، ھەر مەس قىلغۇچىنىڭ ھاراق ئىكەنلىكى، ھەر مەس قىلغۇچىنىڭ ھاراملىقى بايان قىلىنغاندۇر.

«ھەر مەسقىلغۇچى ھاراقتۇر ۋە ھەر مەس قىلغۇچى ھارامدۇر» سۈننەت قەتئىيەسى شۇ ئايەتنىڭ ئىپادىلىرىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ رىسالەمنى پايدىلىنىش ئارزۇسى بىلەن كۆرۈپ چىقىشقا قىزىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىگە، خۇسۇسەن ئەدەبىي ئىلمى پايدىلارنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى مۇھتەرەم فەقىھلەرگە تەشەككۈر يولى بىلەن، بۇ يەردە ئاز بىر مۇناسىۋەت بىلەن بولسىمۇ، قىممەتلىك پايدىلىق فىقھى مەسلىنى تەقدىم قىلىمەن.

## بىر قانچە پايدىلىق فىقھى مەسىلىلەر

4 ـ ناماز، ئىمان بىلەن باراۋەر پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەۋۋەلقى سائەتلىرىدە پەرىز قىلىندى.

مىراج كېچىسىدە، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەۋۋەلقى يىللىرىدا بەشۋاخ ناماز پەرىز قىلىندى.

نامازدا، پاكىزلىق، ۋە تاھارەت ئېلىش شارىئى ھەكىم ھەزرەتلىرىنىڭ تۇتقان يولى بىلەن ھەر ۋاقىت پەرىز ئىدى. ھەر زامان شەرت ئىدى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ 19 ـ يىللىرىدا ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى ئىدى. تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن مائىدە سۈرىسىنىڭ 7 ـ ئايىتى نازىل بولۇپ، تاھارەت ئېلىشنىڭ پەرىزلىكمۇ قۇرئان كەرىم ئايىتى بىلەن بايان قىلىندى.

تەيەممۇم جۈملىسى نىسا سۈرىسىنىڭ 43 ـ ئايىتىدە اللەنىڭ ئەمرى بىلەن تولۇقلاندى.

مۇشۇ قىسقا بايان بەرىكىتى بىلەن مۇھىم 4 ـ 5 مەسىلە ھەل بولۇشى مۇمكىن.

1 ـ مائىدە سۈرىسىنىڭ تاھارەت، تەيەممۇم توغرىسىدىكى ئايىتىدە ھىجرەتنىڭ 6 ـ يىلىدا نازىل بولغان بولسا، ئەۋۋەلقى يىللارنىڭ نامازلىرىدا تاھارەت ئېلىش پەرىز ئەمەسمىدى؟ پەرىز ئىدى. تاھارەت ناماز بىلەن باراۋەر پەرىز ئىدى. لېكىن شارىئى ھەكىم ھەزرەتلىرىنىڭ (پەيغەمبەر ئەپەندىمىز) سۈننىتى

بىلەن ئىدى.

2 ـ كېسەللىك، سەپەر ھادىسىلىرى، سۇ يۇقلۇق ئۆزرىلىرى ھىجرەتنىڭ 6 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى چاغلاردىمۇ ھەر زامان ئەلۋەتتە بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ناماز قانداق ئادا قىلىناتتى؟

سۇ يوق چاغلاردا تاھارەتنىڭ پەرىزلىكى زۆرۈرەت ھۆكمى بىلەن ئەلۋەتتە ساقىت بولاتتى. تەيەممۇمسىز ساقىت بولاتتى. ھىجرىينىڭ 6 ـ يىلىدا تەيەممۇم يولغا قويۇلدى. ئىنسانىنىڭ، بەدەننىڭ ئەسلى پاك ئىكەنلىكى يېتەرلىك بولۇشى بىلەن تەيەممۇم قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىندى. زۆرۈرەت ھۆكمى قارار قىلىندى. تاھارەتنىڭ ئەسلى مەنبىئى تۇپراقنىڭ پاكلىقى بىلەن تاھارەتسىز لىكنىڭ يوقىلىشى يولغا قويۇلدى. بۇـ ئىنسانىنىڭ ئەسلى پاك ئىكەنلىكى مەنىسىدەدۇر.

3 ـ ھىجرىينىڭ ئەۋۋەلقى يىلى نازىل بولغان ئايەتتە تەيەممۇم زىكرى قىلىنغان ئىدى. تەيەممۇم 6 ـ يىلى يولغا قويۇلدى دېگەن رىۋايەت قانداق توغرا بولىدۇ؟

سۈرە نىسادا، ھىجرىينىڭ ئەۋۋەلقى يىلىدا نازىل بولغان 43 ـ ئايەت كەرىمدە تەيەممۇم جۈملىسى يوق ئىدى. ھىجرىينىڭ 6 ـ يىلىدا مائىدە سۈرىسىنىڭ 7 ـ ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن، غۇسلى جۈملىسىنى تولۇقلاش شەكلى بىلەن، تەيەممۇم جۈملىسى تولۇق نىسا سۈرىسىنىڭ ئايىتىگىمۇ ئىلاۋە قىلىندى.

4 ـ تاھارەتنىڭ پەرزلىكى قۇرئان كەرىمدە يوق ئىدى. تاھارەتكە مۇتەئەللىق ئېھتىياج زۆرۈرىتى نەدە ئىدى؟

تاھارەتنىڭ پەرزلىكى قۇرئان كەرىمدە يوق بولسىمۇ، سۈننەت ئەمەلىيدە تاھارەتنىڭ پەرزلىكى سابىت ئىدى. سۇ يوق ئەھۋاللاردا تولۇقلىنىشنى كۆتۈش ئەلۋەتتە تەبىئى ئىدى.

بۇنداق مۇھىم نازۇك مەسىلىلەرنىڭ ئاساسلىق جاۋابلىرى 4 ـ رەقەمدىكى قىسقا بايان بەرىكىتى بىلەن ئوچۇق مەلۇم بولۇشى مۇمكىن. ئاسان ئاشكارا بولىدۇ.

5 ـ «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمارئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بۇلۇڭلر.» «شەيتان، ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى يادئېتىشتىن توسماقچى بۇلىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟» (مائىدە 90 ـ 91 ـ ئايەت)

تەپسىرلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ بايانىغا كۆرە مۇشۇ ئىككى ئايەت ھۆكمى بىلەن ھاراقنىڭ ھاراملىقى قەتئى قارار قىلىندى.

مۇشۇ ئىككى ئايەتتە ھاراملىق سەۋەبلىرىمۇ ئوچۇق بايان قىلىندى. ھاراملىق سەۋەبلىرىنىڭ ئومۇملىقى سەۋىبى بىلەن، ھاراقنىڭ ئومۇملىقىمۇ، ھاراملىقنىڭ ئومۇملىقىمۇ ئوچۇق

سابىت بولدى. تولۇق ئەمەلىيلەشتى.

ھەر قانداق مەس قىلىدىغان نەرسە ھاراقتۇر. بۇنىڭغا كۆرە، ھەر بىر مەس قىلىدىغان نەرسە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى بىلەن ھارام قىلىندى. مەس قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا قۇرئان كەرىم بايانى بىلەن ھەممىسى ئوخشاشلا ھارامدۇر دېگەن ئىدۇق. سۆزىمىزنى اللەنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسپاتلىدۇق.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدا ئىچىملىك

قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى بايان قىلىش اللەنىڭ مەقستىنى تەيىن قىلىش(ئۇچۇقلاش) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرەتلىرىنىڭ ھەققىدۇر.

«بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ نازىل قىلدۇق.» (نەھل 44 ـ ئايەت)

قۇرئان ئايەتلىرىدە مەزكۇر بولغان «خەمرى» نىڭ مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «سۈننەت قەتئىيە» «سۈننەت مۇتەۋاتىر» لىرىدا تامامەن ئوچۇق بايان قىلىندى.

6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئارپىدىن، بۇغدايدىن، ئۈزۈمدىن، خورمىدىن، ھەسەلدىن چىقىرىلغانلارنىڭ ھەممىسى ھاراقتۇر ۋە مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەنئى قىلىمەن».

ئەبۇ داۋۇد (مەشھۇر ئالتە پارچە ھەدىس كىتاۋىنىڭ بىرى

بولغان سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى) دەك بۈيۈك ئىماملار نۇئمان ئىبنى بەشىر ھەزرەتلىرىدىن شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى.

7 ـ «ھەر بىر مەس قىلغۇچى نەرسە ھارامدۇر» دېگەن ھەدىسنى بۇخارىمۇ، مۇسلىممۇ، ھەسەل، بۇغداي، قۇناقتىن چىقىرىلغان يەمەن شاراپلىرى ھەققىدە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ھەزرەتلىرىدىن رىۋايەت قىلدى.

8 ـ «ھەر قانداق مەس قىلغۇچى ھاراقتۇر. ھەر قانداق ھاراق ھارامدۇر» دېگەن قەتئى ھەدىسى ھەدىس كىتابلىرىدا ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ھەزرەتلىرىدىن رىۋايەت قىلىندى.

9 ـ ھەزرىتى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ بىر ھەدىستە ئۇ مىنبەر ئۈستىدە مۇنداق دېگەن: «ئۈزۈم، خورما، ھەسەل، ئارپا، بۇغداي قاتارلىق 5 خىل نەرسىنىڭ ھارىقىنىڭ ھاراملىقى سابىت بولدى. ھاراق دېگەن ئەقىلنى سۇسلاشتۇرغۇچىدۇر».

ساھابىكىراملار ھۇزۇرىدا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مىنبىرىدە ئىمام ئۆمەر ھەزرەتلىرىنىڭ شۇ سۆزى نەقىل شەكلىدە ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۇ ھۆججەتتۇر. گەرچە ئۇ سۆز ئىجتىھاد بولسىمۇ پارۇق ھەزرەتلىرى كەبى مۇجتەھىد فىقھشۇناسلارنىڭ ئىجتىھادى ئەلۋەتتە ھۆججەتتۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىدە ھەممە ساھابىلارنىڭ ئىتتىپاقى جەھەتتىنمۇ

ئەلۋەتتە قەتئى بىر ھۆججەتتۇر.

10 ـ بۇخارى، ئەنەس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستا: مەدىنىدە ھاراقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ئايەت نازىل بولدى. ئۇ چاغدا مەدىنىدە ساھابىلارنىڭ قولىدا ئۈزۈم شارابى يوق ئىدى. باشقا يەرلەردە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەدىنىدە ساھابىلارنىڭ قولىدا يوق ئىدى. بۇنىڭغا كۆرە، قۇرئان كەرىمدىكى ھاراق سۆزى ئۈزۈم ھاراقلىرىغا ھېچقاچان مەخسۇس بولمايدۇ. مەخسۇسلۇق داۋاسى تارىخنىڭ شاھادىتى بىلەن ۋەقەلەرنىڭ شاھادىتى بىلەن قەتئى سۈرەتتە ئەلۋەتتە باتىلدۇر. بەلكى يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئىپادىلىرىگە كۆرەمۇ شۇنداق.

11 ـ ھەر بىر مەس قىلغۇچى، سۈننەت قەتئىيە بايانى بىلەن ھاراقتۇر. ھەر بىر مەس قىلغۇچى قۇرئان كەرىم بايانى بىلەن ھارامدۇر.

12 ـ ھاراق شەرئەتتە شۈبھىسىز مەس قىلغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر مەس قىلغۇچىنىڭ ھاراملىقى قۇرئاننىڭ مەھكەم قەتئى بايانى بىلەن سابىتتۇر. قىياس كەبى زەھمەتلەرگە ئېھتىياج يوقتۇر.

13 ـ ئۈزۈم شارابى نەقەدەر ھارام بولسا، قايسى دەرىجىدە ھارام بولسا، قانداق ھارام بولسا، مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ

ھەممىسى تامامەن شۇنداق ھارام بولىدۇ. ئۆزۈم شاراپلىرىدا بەلگۈلەنگەن ھەد (جازا) ۋاجىب بولسا، مەس قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە ھەد ئەلۋەتتە ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئۆزۈم شاراپلىرى نىجىس بولسا، مەس قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى نىجىس بولىدۇ.

14 ـ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە ھاراق كەلىمىسى ئىسىم ئەمەستۇر. بەلكى سۈپەتتۇر. يىمىش شاراپلىرى، ھەسەل، سۈت شاراپلىرىنىمۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىرىگە ئومۇمى بىر يول بىلەن يەنى سۈپەت بولۇش يولى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

15 ـ مەس قىلغۇچىلارنىڭ ھەر بىر تۈرى، ھەر بىر نەۋئى ھاراقنىڭ بىر تۈرى بولۇش يولى بىلەن ھارام قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئىچىگە ۋاستىسىز كىرىدۇ.

## شەرىئەت ئىسلامىيە نەزىرىدە ئىچىملىك

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ، قەتئى سۈننەتلەرنىڭ ئىپادىلىرى زۆرۈر بىر شەكىلدە تۆۋەندىكى شۇ نەتىجىدە تەرتىپلىنىدۇ:

16 ـ بۈگۈنكى كۈندە يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان مەس قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنىڭ ھەر بىرى ۋە ھەر تۈرى يەڭگىللىرىمۇ، كۈچلۈكلىرىمۇ ئوخشاش، پەرقسىز ھارامدۇر. روسىيە تاتارلىرىنىڭ ئاچچىق باللىرى (ھەسەللىرى)

قازاق، قىرغىزلەرنىڭ مەس قىلىدىغان قىمىزلىرى، ( ئۇيغۇرلارنىڭ مەيزاپلىرى - ت ) روسلارنىڭ ۋوتكىلىرى، سامۇغۇنلىرى، پىۋىلىرى، پەرەڭلەرنىڭ (ياۋروپالىق) ماسقىلىرى، شانپانلىرى، قونياقلىرى، ۋىسكىلىرى، بىرەلىرى (پىۋە) ھەر بىرى ئوخشاشلا ھارامدۇر.

17 - ئىچىملىكلەردە مەۋجۇت ماددىلەر (ماددە كىئولىيە) ئون دەرىجە بولسىمۇ، 40 گرادوس بولسىمۇ ھەر بىرى ئوخشاشلا ھارامدۇر.

18 - كۆپ ئىچسە مەس قىلىدىغان نەرسىنىڭ جىقىمۇ، ئېزىمۇ ئوخشاشلا ھارامدۇر دېگەن ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، دار قۇتنى دەك ئىماملارنىڭ سەھىھ كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىندى.

بۇ ھەدىس، «ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار» (ئايەت) ئەمرىنى بايان قىلىشتىكى پەيغەمبەر ئەپەندىمىز ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزىدۇر. بۇنى ھەدىس ئىماملىرى رىۋايەت قىلدى. ھەدىسچىلەر بۇ ھەدىسنى سەھىھ ھېسابلىدى.

19 - بۇنىڭغا كۆرە، شەرىئەت ئىسلامىيە نەزىرىدە، ھەر بىر ئىچىملىكنىڭ ئازراقىمۇ، بىر قەترىسىمۇ ئەلۋەتتە ھارامدۇر.

## مېنىڭ بايانىمۇ ياكى مۇپەسسىرلەرنىڭ بايانىمۇ ئەڭ دۇرۇست ؟

20 - «خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلارۋە پاكىز

يىمەكلىكلەرياسايسلەر، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن اللە نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار.» ( نەھل 67 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت ىيمەتلەرنىڭ سانسىز ئىكەنلىك يولى، مىنىەتدارلىق تەرىقى، خاتىرلىتىش تىلى بىلەن نازىل بولدى. مىننەتدارلىق پەقەت ھالال نىمەتلەردە بولىدۇ. ھارامدا مىننەتدارلىق بولمايدۇ.

خورما، ئۈزۈمدەك يىمىشلەردىن چىقىرىلغان شاراپنىڭ ۋە يىمەكلىكلەرنىڭ ھالاللىقى بۇنىڭغا كۆرە ئەلۋەتتەزۆرۈر بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا مىننەتدارلىق جائىز بولماس ئىدى.

بۇ ئايەتتىكى شاراپنىڭ مەنىسى نىمە؟

، تەپسىر ئىماملىرىنىڭ ئىپادىلىرىگە كۆرە شاراپ ئايەتتە مەس قىلغۇچى ھاراق مەنىسىدە.

بۇنداق بولسا، يەنى ئايەتتە شاراپ ھاراق مەنىسىدە بولسا، بۇ ئايەتتىكى مىننەتدارلىق ھارام قىلىنغان ئايەتلەرگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ.

بۇ زىتلىق غايەت روشەندۇر. لېكىن سۈرە نەھل مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، مەدىنىدە نازىل بولغان ھارام قىلغان ئايەتلەرنى ھېچقانداق شەكىلدە مەنسۇخ قىلالمايدۇ. جۈملە خەۋەر بولسىمۇ مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەت بىلەن مەنسۇخ بولمايدۇ. خەۋەر مەنسۇخ بولمايدۇ.

توغرا، خەۋەر جۇملىسى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ خەۋىرى بولىدىغان يولىسا، مەنسۇخ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن نەھل سۈرىسىدىكى ئايەت، ئەملى ۋەقەلەردىن خەۋەردۇر. اللەنىڭ نېمەتلىرىدىن خەۋەردۇر. خەۋەرلەردە مەنسۇخلۇق بولمايدۇ. نېمەت سانالغان خەۋەر مەنسۇخلۇق مەنىسىدە بولمايدۇ.

يۇقىرىدا 2 ـ ماددىدا يازدىم: شەرىئەت ئىسلامىيەدە ھاراق ھەر زامان ھارامدۇر. مەككىدىمۇ، مەدىنىدىمۇ بۇرۇندىن ھارامدۇر.

ئىمامى رازى ھەزرەتلىرى «تەپسىر كېبىر» دە مەنسۇخ بولۇش ئېھتىماللىرىنى جائىز كۆرسىمۇ، مەنسۇخ بولۇش ئېھتىمالى ئىككى جەھەتتىن باتىلدۇر:

1 ـ نەھل ئايىتى خەۋەر جۇملىسىدۇر. خەۋەرلەردە مەنسۇخلۇق يوقتۇر. 2 ـ ئىلگىرى ھارام قىلىنغان بولۇپ نەھل ئايىتىدىن ئەلۋەتتە بۇرۇندۇر. ۋاقىت جەھەتتە بۇرۇنقى ھۆكۈم كېيىنكى بىر ھۆكۈمنى ھېچقانداق شەكىلدە مەنسۇخ قىلالمايدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە ئىجاد قىلىنغان شەكىللەرنى ئىمامى رازى ھەزرەتلىرى قاراپ كۆردى ـ دە باشقا بىر ھىيلە ئىزدىدى: ئايەت مۇشرىكلارغا خىتابدۇر. ھاراق مۇشرىكلارنىڭ شارابىدۇر، دېدى.

پايدىسىز، زەئىپ بىر ھىيلىدۇر. مۆمىنلەرگە نىسبەتەن ئايەتنىڭ ئىپادىسى يوق. بەلكى سەھىھ ئەمەس دېگەندەك بىر

سۆزدۇر. بۇنداق بولسا ئىمامى رازى ھەزرەتلىرىدەك بۈيۈك بىر فىقھى ئالىمى، بۈيۈك بىر مۇپەسسىرنىڭ سۆزىنى دەلىل قىلىپ، بۇ ئايەتتىن مۇھىم بىر پايدا چىقىرىپ، مەسلىمىزگە مۇقەددىمە شەكلىدە بۇ يەردە بىر ماددا يېزىش ماڭا ئەلۋەتتە مۇمكىن بولىدۇ.

21 ـ نەھل ئايىتىنىڭ ئىپادىسىگە قارىغاندا ھاراق باشقا مىللەتلەرگە ھالالدۇر. باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ھاراق مۇتەقەۋۋىم بىر مالدۇر.

22 ـ بۇنىڭغا ئاساسەن شىرىسى شاراب بولغان بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ھاراقلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە ساتسا بولىدۇ.

ئىككىنچى ماددىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ـ ئۈچ جۈملىگە مۇھتەرەم ئوقۇغۇچىلار ئېتىۋار قىلىدىغان بولسا، بۇ مەسىلە تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

«بدائع» غا ئوخشاش ئەڭ ئىشەنچلىك بىر كىتابتىن ئېلىنغان ھەنىپىلارنىڭ جاۋابلىرىنى يۇقىرىدا نەقىل قىلغان ئىدىم. جاۋابلىرىنىڭ ئاساسلىرى مۇشۇ. مېنىڭ سۆزلىرىمگە بىر مۇقەددىمە بولۇشى مۇمكىن.

23 ـ مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرى، مۇھەممەد ئىبنى ئەلئەرەبى، ئىمامى رازىغا ئوخشاش ئىقتىدارلىق تەپسىرچىلەر بۈيۈك مۇجتەھىدلەر بۇ يەردە مەنسۇخ بولۇش ئېھتىمالىنى ئېيتقان بولسىمۇ، مەنسۇخ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

پايدىسىمۇ يوقتۇر. مېنىڭ كەسكىن ۋە قەتئىي ئەقىدەمگە كۆرە قۇرئاندا مەۋجۇت ئايەتلەرنىڭ، كەلىمىلەرنىڭ ھېچبىرىدە مەنسۇخ يوقتۇر.

بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ئادىتىدە، مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ ئىستىلاھىدا مەنسۇخ سۆزى مەنسۇخ قىلىش مەنىسىدە ئىستىمال قىلىنىدۇ.

ئەۋۋەلقى ئەسىردە خەلىپە ئەبۇ بەكرى زامانىدا، خەلىپە ئوسمان زامانىدا مۇسھەپلەر مەنسۇخ قىلىندى دېگەن سۆز شۇ مەنىدە، يەنى پەيغەمبەرلىك زامانىدا يېزىلغان قۇرئاندىن مەنسۇخلار چىقىرىلدى دېگەن بولىدۇ.

«تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللەغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار» ئايەت كەرىمىسى «اللەغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار» دەك ئايەتلەرنى مەنسۇخ قىلدى دېگەن سۆزىمۇ شۇ مەنىدە. يەنى شۇ ئايەتلەرنىڭ مەنسۇخىدۇر دېگەن بولىدۇ.

بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ، مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ غايەت گۈزەل ئىستىلاھلىرى قۇرئان ئىستىلاھىدۇر.

«بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (نامە ـ ئەمال) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ، بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق.» (سۈرە جاسىيە 29 ـ ئايەت)

قۇدرەت ئىلاھىنىڭ نازارىتىدە يېزىلغان ئىلاھى كىتاب ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ تولۇق يېزىلىشىدۇر. زىيادىسىمۇ

نۇقسانىمۇ يوقتۇر.

ئىلاھى ئادالەت، ئىلاھى شەرىئەت، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. «بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق» دېگەن قۇرئان جۈملىسى قىسقا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھى ئايەت بولۇپ، ساماۋى شەرىئەتلەرنىڭ ئەسلى ئاساسلىرىنى بالاغەت تىلى بىلەن بايان قىلىدۇ.

ساماۋى شەرىئەت زېمىندىكى ھاياتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. تشريع (شەرىئەت ھۆكۈملىرى) تەقدىردىن، تەكلىپ تەكۈيندىن تۆرىلىندۇر. غايەت مۇھىم شۇ ھەقىقەتنى «حجة الله البالغة» مۇئەللىپى ئىجتىھاد تىلى، پەلسەپە قەلىمى بىلەن «حجة الله البالغة» سەھىپىلىرىدە بۈيۈك ماھارەت بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

24 ـ تەپسىر ئىماملىرىنىڭ يازغىنىغا قارىغاندا، «سكر» (شاراب) سۆزىنىڭ ئەرەب لۇغىتىدە بىر قانچە مەنىسى بار:

ھاراق، مەست قىلغۇچى ھەر قانداق نەرسە، خورما، ئۈزۈمدەك مېۋىلەردىن چىقىرىلغان سۇلار، ئاچ قورساقتا پايدىسى بولىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ھەر خىلى، ئاچچىقسۇ قاتارلىقلار شاراپتۇر.

يۇقىرىقى مەنىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئايەت كەرىمىدە مەقسەت قىلىنىشى مۇمكىن. خورمىدىن، ئۈزۈمدىن ھەقىقەتەن ھاراق چىقىرىلىدۇ. ئىنسانلار ھەر قايسىنى چىقىرالايدۇ. بۇلاردىن پەقەتلا بىر مەنىلا مەقسەت قىلىندۇ دېيىش ئەلۋەتتە

توغرا بولمايدۇ.

باياندا تەكرار بولماسلىق بالاغەت ئېتىۋارى بويىچە بولسا، «پاكىز رىزىق» دىندا زىكرى قىلىنغان شارابتىن مەقسەت هاراقتۇر دېيىش تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. تاتلىق يېمەكلىكلەر پىۋە، ئاچچىق سۇ دېگەن سۆزلەر «پاكىز رىزىق» سۆزىگە داخىلدۇر. شاراپ سۆزى شۇ مەنىلاردا تەكرار بولۇپ قالىدۇ. هاراق مەنىسى مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، سۆزنى تەكرارلاش نۇقسانلىقتىن پاك بولىدۇ.

25 ـ ئەبۇبەكر مۇهەممەد ئىبنى ئەلئەرەبى نىڭ ئەهكام قۇرئاندا، مۇجتەهىد ئىمام ئالائىددىن هەزرەتلىرىنىڭ «بدائع» ناملىق كىتابىدىكى بايانلىرىغا قارىغاندا «خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ياسايسىلەر» جۈملىسى يۇنۇس سۈرىسىدىكى «ئېيتقىنكى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە اللهچۈشۈرگەن رىزىقتىن بەزىسىنى هارام، بەزىسىنى هالال قىلدىڭلار.» ئايىتىگە ئوخشاشتۇر.

يەنى اللهنىڭ نېمەتلىرىدىن خورما، ئۈزۈمدىن ئىككى خىل نەرسە چىقىرىسىز.

بىرى: يولدىن چىقىش بىلەن بولىدۇ. هاراقتۇر. يەنە بىرى: توغرا يولدىن بولىدۇ. ئاچچىق سۇ، ئۈزۈم سۈيى، خورما سۈيىگە ئوخشاش گۈزەل رىزىقتۇر.

ئايەتتىكى مىننەتدارلىق هاراقنىڭ هاراملىقىغا بۇ تەقدىردە

زىت كەلمەيدۇ. توغرا بىر بايانىدۇر. يۇنۇس سۇرىسىدىكى ئايەت ئىنكار يولى بىلەن بولغانلىقتىن ھەر قانچە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان گۈزەل بىر شاھىد بولۇشى مۇمكىن. رىزىقتا «پاكىز يىمەكلىك» سۈپىتى شاراپتا يولدىن چىققانلىقىغا دالالەت قىلىشى مۇمكىن.

توغرا، لېكىن ئايەتنىڭ جۈملىسى تەركىۋى شەرتسىز ئىپادىلەيدىغان بولسا شەكسىز توغرا بولىدۇ. ئايەتنىڭ بالاغىتىگە مۆجىزىلىككە تېخىمۇ مۇناسىب بولىدۇ. قەيتلەرنىڭ بىرىگە، تەقدىرلەرنىڭ بىرىگەبولغان ئېھتىياج سۆزنىڭ بۈيۈك قۇسۇرىدۇر. قەيتسىز، شەرتسىز دورۇست بولۇش، پايدىلىق بولۇش جۈملىلىرىدە ئەلۋەتتە لازىمدۇر. قۇرئان جۈملىلىرىدە قەيت شەرتنى قوشۇشتەك ئىشلاردىن مەن ھەر ۋاقىت ساقلىنىمەن.

تەپسىرشۇناسلارنىڭ بۈيۈك مۇجتەھىدلەرنىڭ بايانلىرى مۇشۇ.

26 ـ مېنىڭچە، شاراپ، ھاراقلىقتىن، مەست قىلغۇچىلىقتىن ئەۋۋەل شىرنىسى بولغان بىر ھالىتىدۇر. خورما، ئۈزۈم شىرىلىرى بەلكى پۈتۈن يىمىشلەرنىڭ شىرنىلىرى تاتلىق شاراپتۇر. پارىسچە تۈركچىدىكى شەكەر سۆزىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

شاراپ، يەنى تاتلىق شىر غايەت پايدىلىق، بۈيۈك

بەرىكەتلىك ھالال ئېمەتتۇر.

بۇنداق بولسا، ئايەتنىڭ ئىپادىسى ھەر جەھەتتە تېخىمۇ زىيادە توغرا بولىدۇ.

1 ـ شىرنە ھالال بولۇش جەھەتتە مىننەتدارلىق تەكەللۇپسىز دۇرۇست بولىدۇ.

2 ـ چىقىرىش سۆزى قەتئى دۇرۇست بولىدۇ. ئەمما شىرىدە ھاراقلىق، مەس قىلغۇچى بەزى ۋاقىتلاردا شۇنىڭغا مايىل بولۇش زۆرۈرىتى بىلەن «تتخذون خمرا» جۈملىسى ئومۇمەن دۇرۇست بولمايدۇ.

3 ـ خمرا (ھاراق) مىسكرا (مەس قىلغۇچى) سۆزلىرىنى تاللىماي سكرا (شاراپ) سۆزىنى تاللاش ھېكمىتى ئاشكارە بولىدۇ.

بىزنىڭ ئەقىدىمىزگە كۆرە قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. قۇرئان ماددىلەرنىڭ بايانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئېھتىمام قىلىش ئەلۋەتتە لازىمدۇر. ھاراق ماددىسى بىلەن شاراپ ماددىسى ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە ئومۇمى بىر پەرق باردۇر. شاراپ ئىپادىسى بىلەن مەس قىلغۇچى ئىپادىسى ئوتتۇرىسىدا ئومۇمى بىر پەرق بولۇش ئەلۋەتتە زۆرۈر دۇر.

شاراپ سۆزى ھاراق مەنىسىدە، مەس قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ دېيىش خەلق بايانلىرىغا نىسبەتەن توغرا بولۇشى

مۇمكىن بولسىمۇ ئاللەنىڭ بايانلىرىغا نىسبەتەن ھېچ ۋاقىتتا توغرا بولمايدۇ.

27 ـ ئۈزۈم، خورما، مېۋىلەرنىڭ شىرنىلىرى تۇرۇپ قېلىپ بۇزۇلۇپ قالسا، قايىنسا شىرىلىرى بولىدىغان تاتلىق شەكەر ماددىسى بۇزۇلۇپ گازغا ئايلىنىپ ئوت ئالىدىغان ھاراق زەھىرىگە ئايلىنىدۇ. شىرنە شىرنىلىك ھالىتىدىن چىقىپ مەست قىلغۇچى بولىدۇ. شارابلىقى قالمايدۇ. ھاراق بولىدۇ.

28 ـ تاتلىق شىرنە شارابتۇر. ھالالدۇر. پاكىزىدۇر. بۇزۇلۇش بىلەن شەكەر ماددىسى بىر مۇددەتتىن كېيىن ھاراق زەھىرىگە ئۆزگىرىپ شىرنە كېيىن ھاراق بولىدۇ. مەس قىلغۇچى بولىدۇ. مەس قىلىش سەۋەبىدىن شاراب ھارام بولسىمۇ ئۆزى پاك بولىدۇ. مۇتەقەۋۋىم بىر مال بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاچچىق سۇ قىلىشقا بولۇشى مۇمكىن. قايىنتىش يولى بىلەن ھاراقلىقتىن تازىلاپ مەس قىلىش كۈچىنى تارتسا يېڭىدىن ھالال بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇندىق بولسا، ئايەتنىڭ بايانى غايەت پايدىلىق بىر بالاغەت بولىدۇ. مىننەتدارلىق ھەر جەھەتتىن تامامەن دۇرۇست بولىدۇ. ئايەت ئىپادىسى ئەھمىيەتلىك بىر ھېكمەت بولىدۇ. مەنسۇخلۇق زۆرۈرىتىمۇ بولمايدۇ. تەقدىر ھىللىرىگىمۇ ئېھتىياج قالمايدۇ.

مېنىڭ بايانىم مۇشۇ. بۈيۈك مۇجتەھىدلەرنىڭ بايانلىرىنى

تەقدىم قىلدىم. بۈيۈك مۇپەسسىرلەرنىڭ بايانلىرىمۇ، مېنىڭ مۇشۇ قىسقا بايانىممۇ، قايسى تېخىمۇ دۇرۇست بولۇشى مۇمكىن؟

**ئۈزۈم، خورما سۈلىرىنى هاراق ساناشنىڭ ئەسلى نەدە؟**

29 ـ «خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر.» (نەهل 67 ـ ئايەت) شاراپ پەقەتلا خورمىدىن ۋە ئۈزۈمدىن چىقىرىلىدۇ دېگەن سۆز غايەت ئەهمىيەتلىك ئىقتىسادى تەدبىرلەرگە، ئىجتىمائى هەيئەتلەرگە ئىنسانلارنى ئىرشاد قىلىدۇ. يەنى هايۋان، ئىنسان غىزالىرىنىڭ ئەسلى پاكىسى بولغان دانلىقلارنىڭ هېچبىرى سۈت، هەسەلگە ئوخشاش مۇهىم بەرىكەتلەرنىڭمۇ هېچبىرى هېچقاچان هاراق يولىغا، مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ يوللىرىغا سەرپ قىلىنمايدۇ. مېۋىلەردىن پەقەت بىر ئىككى خىلى هاراق ئۈچۈن سەرپ قىلىنىشى مۇمكىن.

30 ـ هېكمەتلىك مۇشۇ ئىرشادنىڭ قىممىتى تەقدىر قىلىندىغان بولسا، بۇ غايەت بۈيۈك بىر ئىقتىسادى تەدبىردۇر. هەيئەت ئىجتىمائىيە مۇشۇ ئىرشادقا رىئايە قىلىدىغان بولسا ئىدى يەر يۈزىدە هېچقانداق يەردە هېچقاچان ئاچلىق بالاسى بولمىغان بولاتتى.

هاراق يولىدا ئىسراپ قىلىنغان غىزا ماددىسىنىڭ هېساۋى

يوقتۇر. پۈتۈن مەھسۇلاتنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يولدا زايا بولىدۇ. ئاچلىق بالالىرىنىڭمۇ، پۈتۈن بۇزۇقچىلىقنىڭمۇ باش سەۋەبى، نىھائى سەۋەبى مۇشۇ.

31 - ھاراق چىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ بايانىدا پەقەت خورما، ئۈزۈملەرنى زىكرى قىلىش مىنىڭچە پەقەت مۇشۇنىڭغا ئاساسەن. غىزانىڭ ئاساسلىق خېمىر تۇرۇچىنى ھەسەل، سۈتكە ئوخشاش مۇھىم بەرىكەتلىك نەرسىلەرنى ھاراق يولىدا ئىسراپ قىلماسلىق ئىقتىسادقا ئىرشادتۇر.

قۇرئاننىڭ بۇ ھەقتىكى مەقسىتى ئىقتىسادتۇر.

32 - ھەنەپى ئىماملىرىغا كۆرە قۇرئاننىڭ بالاغەتلىك شۇ قىسقا جۈملىسى مۇشۇنداق ئىستىمال قىلىنىدۇ.

ھەسەل شارابى، ئارپا شارابى، بۇغداي شارابى ھاراق بولمايدۇ. ھەتتا ھارام بولمايدۇ دېيىشىدۇ.

ھاراق كۆك ئۈزۈم، كۆك خورما سۇلىرىدۇر. «خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر.» (نەھل 67 - ئايەت) ئايەتنىڭ پۈتۈن ئىپادىسى «إنما الخمر من هاتين الشجرتين» (ھاراق مەزكۇر ئىككى ئۆسۈملۈكتىن چىقىرىلىدۇ) گە مەخسۇستۇر. ھەسەل شاراپلىرى، ھۇبۇبات (دانلىق نەرسىلەر) شاراپلىرى ھاراق بولمايدۇ. ئۆز ئەينىگە ھېچقانداق نەرسە ئالاقىدار بولماس ئىمىش.

ھەنەپى ئىماملىرىنىڭ ئىجتىھادىغا كۆرە، ھارام، كۆك ئۈزۈم

كۆك خورما سۈلىرىغا خاستۇر. دەلىللىرى بولسا يۇقىرىقى ئايەت ئىكەن. «هاراق مەزكۇر ئىككى ئۆسۈملۈكتىن چىقىرىلىدۇ» دېگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ سابىت سۈننىتى ئىمىش. قۇرئاننىڭ قىسقا لەۋزىنى بايان قىلارمىش.

ھەدىس ئىماملىرىنىڭ نەزىرىدە: «هاراق مەزكۇر ئىككى ئۆسۈملۈكتىن چىقىرىلىدۇ» سۆزىنىڭ ئەسلى يوقتۇر. بىر مۇجتەهىدنىڭ ئىجتىهاد يولىدىكى سۆزى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېچقاچان سابىت بولمىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇپەقەت ئۇيدۇرمادۇر.

33 ـ مېنىڭچە، ھەسەل شاراپلىرى، ھۇبۇبات شاراپلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈم شاراپلىرىغا ئوخشاش ئەلۋەتتە هاراقتۇر. مەس قىلىش جەھەتتە ئاز مىقتارىمۇ ئەلۋەتتە هارامدۇر. ئىسراپ جەھەتتە هاراملىقى ئۈزۈم شاراپلىرىنىڭ هاراملىقىدىن نەچچە قات ئارتۇقتۇر. قۇرئاننىڭ ھېكمەتلىك بالاغەتلىك قىسقا لەۋزى بۇنىڭغا غايەت ئوچۇق شاھىدتۇر. مۆجىزىلىك بىر ئىرشادتۇر.

34 ـ مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ھەر قاندىغى قۇرئان بايانى بىلەن سەھى ھەدىسلەرنىڭ بايانى بىلەن ئەلۋەتتە هاراقتۇر. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ قەتئى ئىپادىسى بىلەن ئەلۋەتتە هارامدۇر. ھەر بىرى ئوخشاش دەرىجىدە پەرقسىز هارامدۇر. بۇزۇلغان ئۈزۈم سۈلىرىنىڭ زەررە قەدەر پايدىسى يوقتۇر.

ئەلۋەتتە بولمايدۇ. مەخسۇس بولىدىغان تەبئىي خۇسۇسىيتى، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىمۇ ئەلۋەتتە يوقتۇر. بار بولسا ياكى بولىدىغان بولسا ئۆزۈم سۇلىرىنىڭ پايدىسىغا بولىدۇ.

ھەنەپى ئىماملىرىنىڭ ئىجتىھادىغا كۆرە ئىقتىسارنىڭ پايدىسى پەقەت ھەسرىدۇر. لېكىن ھەسرىنىڭ ھېچبىر ئىجتىمائى پايدىسى يوقتۇر. بەلكى زىيىنى غايەت بۈيۈكتۇر.

مېنىڭچە، تىجەشلىك بولۇشنىڭ بۈيۈك پايدىسى ئىقتىسادتۇر. بۇنداق ئىقتىسادنىڭ بۈيۈك ئىجتىمائى پايدىسى باردۇر.

«ئېيتقىنكى، بۇمېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) اللەغا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋەماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز.» (يۈسۈف 108 ـ ئايەت)

## قۇرئاننىڭ ئومۇمى ئەھكاملىرىنى خاس قىلىش ھېچقاچان ئۇيغۇن بولمايدۇ

35 ـ ھاراق قۇرئان كەرىمدە ھارام قىلىندى. لېكىن «ئېيتقىنكى، ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە اللەدىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىنى ھەر

قانداق ئادەم ئۇچۇن هارام كۆرمەيمەن» كەبى «ئېيتقىنكى، اللەسلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننى هارام قىلدى.» كەبى ئايەتلەرنىڭ ئومۇملىقى هېچقاچان خاس قىلىنمىدى. هەر قايسى ئەۋۋەلقىدەك ئومۇمدۇر. هەر بىرى ئەۋۋەلقىغا ئوخشاش قەتئىدۇر.

بۇ خۇسۇسلاردا خاس قىلىش داۋالىرى ئۇسۇلچىلارنىڭ بۈيۈك خىياللىرى، قۇرئاننىڭ ئومۇملىقىنى خاسلاشتۇرۇش مەسىلىلىرىگە ئۇسۇل كىتابلىرىنىڭ پەرۋاسىزلىقىمۇ بار.

مېنىڭ ئەقىدەمگە كۆرە، قۇرئاننىڭ ئومۇملىقىدا خاسلىق يوقتۇر.

بالاغەتلىك بىر سۆزنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئىنسانلار دەلىل كەلتۈرىدىغان بولسا، بايانىنىڭ ئەدەبلىرىگە، سۆز ئىگىسىنىڭ مەقسىتىگە مەخسەتنىڭ دائىرىلىرىگە، ئورۇنىنىڭ ئېهتىياجىغا، ئىستىمال قىلىش سەۋەبلىرىگە ئېتىۋار قىلىش لازىمدۇر.

بولمىسا، كەلىمىلەرنىڭ ئۆز پېتىچە زاهىرى مەنىسىگە ئېتىۋار قىلىپ ئىنسان ئالدىنىدىغان بولسا، دەلىل كەلتۈرۈش هېچ ۋاقىتدا دۇرۇست بولمايدۇ. ئېيتىلغان سۆزلەرمۇ بۇ تەقدىردە كۆپ ۋاقىتدا خاتا بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن: ئەراف سۈرىسىدە تەۋرات هەققىدە: «بىز ئۇنىڭ ئۇچۇن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىندا مۇهتاج بولغان) ۋەز ـ نەسىهەت، (دىنى) ئەهكاملارنىڭ هەممىسىنى

تەپسىلى يازدۇق» دېگەندەك ، نەمل سۆرىسىدىكى سەبە مەلىكىسى ھەققىدىكى «ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن» كەبى ئومۇمىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئايەتلەرنىڭ ھېچ قايسىسى دۇرۇست بولمايدۇ. شۇ ئايەتلەردىكى مەقسەت دائىرىسى بىلەن دالالەت (پاكىت) دائىرىلىرى ئارىسىدا غايەت بۈيۈك پەرق باردۇر. مەقسەت دائىرىسى دالالەتنىڭ مىلياردا بىرىگە باراۋەر كەلمەيدۇ. «كل شئ» (ھەممە نەرسە) كەلىمىسى پۈتۈن مەۋجۇداتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەبە مەلىكىسىنىڭ مۈلكى بولسا «كل شئ » ( ھەممە نەرسە) نىڭ ئۆز دائىرىسىگە نىسبەتەن پۈتۈن مەنىسى بىلەن «0» دۇر. سۆزدە كەلىمىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى دالالەتلەرنى ئاساس قىلىش پۈتۈنلەي خاتادۇر. پۈتۈنلەي پاسىدتۇر. شۇ پاسىد ئاساسنى ئىتمۇار قىلغاندىن كېيىن خاسلاشتۇرۇش يولى بىلەن سۆزنى ئىسلاھ قىلىش ھىلىسمۇ پاسىد ئاساس ئۈستىدە ياكى بىر پاسات بىنا قىلىشتەك بىر تەدبىر بولىدۇ. «وأوتيت من كل شئ (ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن)» دېگەن چەكسىز كۆپلىكنى زىكر قىلىپ «0 » دەك ئاز نەرسىنى ئىرادە قىلىش ئەقىللىق كىشىنىڭ شەنىگە مۇناسىب كەلمەيدۇ. ئۇنداق مۇبالىغەلەردە بالاغەتتىن ھېچقانداق ئەسەر بولمايدۇ.

خاسلاشتۇرۇش ئۇسۇلچىلارنىڭ ئەقىدىلىرىغا كۆرە ئومۇمى

سىغىلاردىن قەتئىلىكنى يوق قىلىدۇ. خاسلاشتۇرۇلغان ئومۇمى سىغىلارنى ئاقىۋەت دەلىللىق شەرەپلىرىدىن، ئۇسۇلچىلارنىڭ «ما من عموم إلا وقد خص منه البعض» (ھەرقانداق ئومۇمى ھۆكۈمنىڭ بەزىسى خاسلاشتۇرىلىدۇ) دېگەن سۆزلىرىگە ئېتىۋار قىلىدىغان بولساق، ئىسلام شەرىئىتىدە قەتئى بىر دەلىل بولماسلىقى لازىم كېلىدۇ. مۇشۇ توسقۇنلۇقلارنىڭ ھەر بىرى كەلىمىلەرنىڭ چەكلىك دالالەتلىرىنى كالامدا ئاساس قىلىش خاتالىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. خاتالىق چىقىقاندىن كېيىن ئاقىۋەت شۇ خاتالىق پۈتۈن چەكلەنگەن نەرسىلەر بىلەن باراۋەر لازىم قىلىندى.

مېنىڭ ئەقىدەمگە كۆرە قۇرئاننىڭ ئومۇملىقىدا خاسلىق يوقتۇر. ھەتتا قۇرئاننىڭ «و أوتيت من كل شيء (ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن)» ئومۇملۇقىمۇ ئەمەستۇر. سۆزنىڭ دائىرىسى مۇقامىغا كۆرە بولىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتىگە تابى بولىدۇ. سۆزنىڭ دالالىتىمۇ سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتىگەتەۋە بولىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتى سۆزنىڭ باش ئاخىرىدىن ھەر زامان ئەلۋەتتە مەلۇم بولىدۇ. ئەلۋەتتە مەلۇمدۇر. ئاڭلىغۇچىلار ھېچقاچان شۈبھىدە قالمايدۇ. ئاسان چۈشىنەلەيدۇ.

## ھاراملىق نىجىسلىقنى لازىم قىلمايدۇ

36 ـ مەس قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنىشى قۇرئاندا ئادەتتىچە «سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى ئېلىش ھارام قىلىندى» ۋە «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ھارام قىلىندى» دېگەندەك ئىچىملىكنىڭ، نىكاھىنىڭ ھاراملىقىغا ئائىت بولىدۇ. ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئەينى ئەمەس، بەلكى خىتاب قىلىنغان مۇكەللەپلەرنىڭ ئەمەللىرىگە ئائىت بولىدۇ.

37 ـ قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى مۇشۇ. بەلكى ھەر تىلدىكى بايان ئۇسلۇبىدۇر. ھارام قىلىنغان ھارام شەيئىلەرگە نىجىسلىك، پاسكىنىلىقتەك سۈپەتلەر بېرىلمەيدۇ. ھارام قىلغان ئايەتلەردە ئانىلار بالىلار قانداق پاك بولسا، ھارام قىلغان ئايەتتىكى ھاراق پۇتۇنلەي شۇنداق پاك بولىدۇ. پەرق بولىدىغان بولسا سىرتتىن بولىدۇ.

38 ـ مۇبلەردىن، دانلىقلاردىن، ھەسەل، سۈتتىن ياسالغان مەس قىلىدىغان ھاراقلارنىڭ ھەممىسى پارلىنىش يولى ئارقىلىق چىقىرىلغان ئىسپىرت ۋە باشقا ھاراقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش دەرىجىدە ھارام بولىسىمۇ، ھېچبىرى نىجىس ئەمەستۇر. پاكتۇر.

39 ـ بۇ سۆز پەقەت مېنىڭ ئىجتىھادىمدۇر. پەقەت مېنىڭ نەزەرىيەمدۇر.

مەزھەپ ئىماملىرى، مەزھەپ ئالىملىرى نەزىرىدە بۇزۇلۇپ كۆپىۈكلۈشۈپ قالغان ئۈزۈم، خورما سۈلىرى،

هارامدۇر ۋە نىجىستۇر. ئەمما سۈت، ھەسەل، بۇغداي، ئارپا شاراپلىرى ھاراقتەك هارام بولسىمۇ ھېچقايسى مەزھەب نەزىرىدە نىجىس ئەمەستۇر.

مېنىڭ شەخسى ئەقىدەمگە كۆرە ھەممىسى پەرقسىز هارام بولسىمۇ ھېچقايسى نىجىس ئەمەستۇر. بۇ ئەقىدە پەقەت مېنىڭ ئەقىدەمدۇر. پەقەتلا مېنىڭ ئىجتىھادىمدۇر. قىممىتى بولسىمۇ، ھېچقانداق قىممىتى بولمىسىمۇ، خاتا بولسىمۇ، توغرا بولسىمۇ، ماڭىلا مەنسۇپ بولۇپ پۈتۈن مەسئۇلىيىتى ماڭا ئائىتتۇر.

40 ـ «ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر» ئايىتىدىكى نىجىس «رجس» سۆزى قىمار، بۇت، ئەزلام كەبى شەيئىلەرگە ئائىت بولۇش جەھەتتىن ھېچ بىر شەكىلدە هاراقنىڭ نىجىسلىكىگە دالالەت قىلمايدۇ. بەلكى هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتقا ئاتاپ مال بوغۇزلاش، پال ئوقى ئېتىش هارامدۇر. شەيتاننىڭ ئەملى دېگەن بولىدۇ.

41 ـ كىتاب، سۈننەتتە، ئەقلى، نەقلى دەلىللەرنىڭ ھېچبىرىدە هاراقنىڭ، مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ نىجىسلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بىر سۆز يوقتۇر. ئەگەر بولسا، ئىچىشتىن ساقلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەنئى بىر

نىجاسەتتۇر.

42 ـ «ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار (اللەنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر» دېگەنگە ئوخشاشتۇر. تەنلەرنىڭ، بەدەنلەرنىڭ نىجىسلىكىگە دالالەت قىلمايدۇ. جانلىق ھەر قانداق ئىنساننىڭ، ھەر قانداق ھايۋاننىڭ بەدىنى ئەلۋەتتە پاكتۇر. بەلكى دۈشمەن مۇشرىكلار بىلەن ئىجتىمائى، سىياسى مۇئامىلىلەرنى ئۈزۈش مەنىسىدە بولىدۇ.

43 ـ زەھەر ھالاك قىلغۇچىدۇر. ئەلۋەتتە ھارامدۇر. ئەپيون، كوكايىنغا ئوخشاش پاسىد زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ھارامدۇر. لېكىن ھېچبىرى نىجىس ئەمەستۇر.

ئىسپىرىت تامامەن زەھەرگە ئوخشاش ھارامدۇر. لېكىن نىجىس ئەمەستۇر. بەلكى سوپۇندىن بەكرەك پاكلىغۇچى بولۇشى مۇمكىن. بەدەندىن، كىيىم ـ كېچەكلەردىن نىجاسەتلەرنى يوقىتىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە يوق قىلىدۇ. لېكىن كىرلارنى ھېچقانداق شەكىلدە دەپئى قىلالمايدۇ. كىرلارنى پەقەتلا پاك سۇ دەپئى قىلالايدۇ.

44 ـ ھاراقلارنىڭ، مەس قىلغۇچىلارنىڭ ھاراملىقى، نىجىسلىكى، زەھەرگە ئوخشاش پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئېغىز قورساقلىرىغا نىسبەتەن بولىدۇ. بىزدە خەلقنىڭ خىيالى

پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسى. ئىتەكلەرنى، ئۆتەكلەرنى هاراق تامچىسىدىن يىراق تۇتىدۇ، ئەمما، ئېغىزلىرىنى، قورساقلىرىنى روس ۋۇتكىسى، هەر قانداق مەس قىلغۇچى نەرسىلەر بىلەن تولدۇرىدۇ.

مۇقەللىد ئالىملاردىن ئېقىپ كەلگەن خەتەرلىك بىر خىيالدۇر.

## مەس قىلغۇچى نەرسىلەردە داۋالىق يوقتۇر. بولمايدۇ

45 ـ مەس قىلغۇچى نەرسە هارامدۇر. زەهەردۇر. ئالكول ماددىسى ۋۇجۇتىنىڭ پۈتۈن ئەسلى ئۇنسۇرلىرىنى خاراپ قىلىدۇ. شىپالىقى يوقتۇر. هېچقانداق كېسەلگە داۋا بولمايدۇ. بەزى كېسەللەرگە پايدىسى بار دەپ قارالسا بۇ خاتا بولىدۇ. كېسەلگە زۆرۈرىيتىمۇ يوقتۇر. بەلكى هەر قانداق كېسەلنى ئالكولغا مۆهتاج قىلمايدىغان مىڭ داۋا ئەلۋەتتە باردۇر.

46 ـ «ما وضع شفائكم فيما حرم عليكم» (هارام قىلىنغان نەرسىلەردە شىپالىق يوق) دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ غايەت ئاساسلىق بۈيۈك هېكمەتلىك بىر سۆزىدۇر.

ساقلىقنى ساقلاش هەققىدە، ياكى كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش جەهەتتە مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ هېچقانداق تىببى پايدىسى يوقتۇر. بولمايدۇ. داۋا ئەمەس بەلكى كېسەللىكتۇر.

47 ـ «ئىپتىقىنكى، بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىسىمۇ بار» ئايىتىدە بەدەنگە تىببى پايدىسى بار دېگەن مەقسەت يوقتۇر. پەقەتلا تىجارەت مەنپەئەتى مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى قىماردا ئەلۋەتتە تىببى مەنپەئەت يوقتۇر. هاراق ئىچكۈچىلەرنىڭ ھېچبىرى ھېچقاچان شىپالىق مەقستى بىلەن ئىستىمال قىلمايدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يەردە تىببى پايدىسى بار دەپ قاراش بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن تامامەن خارىجدۇر. بالاغەت ئۇسۇلى بۇنداق مۇلاھىزىلەرنى ئەلۋەتتە ئېتىۋارغا ئالمايدۇ.

48 ـ مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ھەر قاندىغى، ھەر خىلى، ئوخشاشلا پەرقسىز ھارامدۇر. كۆپىمۇ، ئېزىمۇ، يەڭگىلىمۇ، ئېغىرىمۇ ھەممىسى ھارامدۇر. ھەممىسى زەھەردۇر. ھېچقايسىنىڭ شىپالىقى يوقتۇر.

ھەممىسى گەرچە ھارام بولسىمۇ ھېچقايسى نىجىس ئەمەستۇر. ھەممىسى پاكتۇر. ئەمما كىرنى تازىلاشقا مۇمكىن بولسىمۇ، ھېچقايسى بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ. تاھارەت پەقەتلا ساپ سۇ بەرىكىتى ۋە پاك سۇ قۇۋۋىتى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

مەس قىلغۇچى نەرسىلەر ھەققىدە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكمى مۇشۇ. يۇقىرىقى بايانلار فىقھى كىتابلارنىڭ ئۇزۇن بايانلىرىنىڭ گۈزەل بىر خۇلاسىسى بولۇشى مۇمكىن.

## مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكمى

49 ـ مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلغان ئىسلام شەرىئىتى پۈتۈن ۋەسىلىلىرىنىمۇ تامامەن ھارام قىلدى.

ئىچىش ھارامدۇر. سەۋەبلىرىمۇ ھارامدۇر. ھاراملىق ھارامنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سېتىش، ساتتۇرۇش، ئېلىش، ئالدۇرۇش، ھەدىيە قىلىش، پۇلىدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارخۇددى ئىچكەنگە ئوخشاشلا ھارامدۇر. ھاراملىقنىڭ ھاراملىقى پۈتۈن ۋەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

50 ـ ۋەسىلە ھەر ھۆكۈمدە مەقسەتكە تابىدۇر. مەقسەتنىڭ ھۆكمى ۋەسىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇشۇ قائىدە ئىسلام شەرىئىتىدە مۆتىۋەر بۈيۈك بىر قائىدەدۇر. بۇ قائىدە «قواعد فقهية» ناملىق كىتاۋىمىنىڭ 142 ـ قائىدىسى قىلىپ يېزىلدى.

51 ـ ھارام ۋەسىلىرىنى ھالال مەقسەت ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى ھالال سانىمايدىغان بولسىمۇ، ھارامنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى پۈتۈنلەي ئېتىش تەدبىرى بىلەن ھارامنىڭ پۈتۈن ۋەسىلىرىنىمۇ ئىسلام شەرىيئتى تامامەن ھارام قىلدى.

بىر نەرسە ئۆز ئالدىغا ھالال بولسىمۇ ھاراملارنىڭ بىرىگە ۋەسىلە قىلىنغان زامان ھارام بولىدۇ. ھارام سانىلىدۇ.

52 ـ مەدەنى قانۇنلار (ئىنسانلار يېڭىدىن تۈزگەن قانۇنلار) ۋە ساماۋى قانۇنلارغا نىسبەتەن ئىسلامىيەتنىڭ بۈيۈك بىر ئۈستۈنلۈكى شۇ خۇسۇسلاردا ئوچۇق ئاشكارا ۋە مەلۇمدۇر. ماكياۋۇل ئۇسۇلىدەك بەزى قانۇنلار ھالال تەلەپ قىلىش مەقسىتى يولىدا ھارام ۋەسىلىلەرنى ھالال ساناپ، ھارام مەقسەت قىلىنغان ۋەسىلىلەرنى توساش يولىدا ئۇ قەدەر ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمىسىمۇ ئىسلام شەرىئىتى، ھارامنىڭ ھالال ۋەسىلىرىنىمۇ ھارام قىلىدۇ. لېكىن ھالالنىڭ ھارام ۋەسىلىرىنى ھېچبىر زامان ھالال سانىمايدۇ. مەقسەتنىڭ ھالاللىقى لازىم بولىدۇ. مەخسۇس بولىدۇ. ۋەسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. لېكىن مەقسەتنىڭ ھاراملىقى تۈرلۈك بولىدۇ. ۋەسىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەدەب يولىدا غايەت بۈيۈك بىر يۈكسەكلىك، گۈزەل بىر قۇۋۋەتتۇر.

## ئەھكام ئىسلامىيە ئاساسلىرى

53 ـ بىر نەرسە ئۆز ۋاقتىدا پايدىسى بار ياكى پايدىسى بولۇش ئېھتىمالى بولۇپ، كەلگۈسىدە زىيىنى بولماسلىقى روشەن مەلۇم بولسا، ئۇنداق شەيئىلەر شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ھالال بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىسا ھالال بولمايدۇ.

شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالال بولۇشىنىڭ ئىككى شەرتى تولۇق بولۇشى لازىم:

1 ـ چوقۇم پايدىلىق بولۇشى، 2 ـ زىيانلىق بولماسلىقىنىڭ ئىنىق بولۇشى.

ھارامىلىق ئىككى شەرت بىلەن بولىدۇ. 1 ـ پايدىلىق بولماسلىق. 2 ـ زىيانلىق ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق بولۇشى.

قانۇندا مۇشۇ ئىككى شەرتكە رىئايە قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ قانۇن ئىجتىمائى ھەيئەتلەرنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىشى مۇمكىن. بولمىسا يوق.

پايدا ـ مەنپەئەتى يوق نەرسىلەرگە ئىتتىۋار قىلىش بەك ئاسان، ساددە، باشلانغۇچ بىر ئاساستۇر. ھەر بىر قانۇن شۇ ئاساسنى ئىتتىۋار قىلىشى مۇمكىن.

لېكىن كۆز ئالدىدىكى پايدىسىغا ئالدانماستىن، ئاخىرقى نەتىجىسىدە پايدىسى يوقلىقىغا ئىشەنچە قىلىش مۇھىم بىر ئاساس بولۇپ، بۇ بەك مۇشكىل بىر ئاساستۇر. ساماۋى شەرىئەتلەر شۇ ئىككى ئاساسقا ھەر زامان رىئايە قىلىدۇ. مەدەنى قانۇنلار شۇ ئاساسلارغا رىئايە قىلىشتا بەزى چاغلاردا ئاددى سانايدۇ. ئاددى، جۇزئى پايدىلارغا ئالدىنىپ، كەلگۈسىدىكى پاساتچىلىقتىن ئېھتىيات قىلماسلىق، ئاددى ساناش مەدەنى قانۇنلاردا ھەر زامان تېپىلىدۇ.

54 ـ بىزنىڭ ئىسلام شەرىئىتىمىز بولسا، پايدا ۋە ئېھتىيات

جەھەتلىرىگە ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىدۇ:

1 ـ مەنپەئەتى يوق شەيئىلەر شەرىئەت ئىسلامىيەدە ئىتىۋارغا ئېلىنمايدۇ. 2 ـ كەلگۈسىدە زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن بولغان مەنپەئەت يولغا قويۇلمايدۇ.

بىر ئىشتا ھەم پايدا ھەم زىيان بىر ۋاقىتتا بولۇشى مۇمكىن بولسا، غالىب تەرىپى ئىتىۋارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر مەنپەئەت غالىب بولۇپ، غالىب مەنپەئەتنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن مەغلۇب زىيانلىق تامامەن يوق بولىدىغان بولسا، شۇ شەكىلدە غالىب مەنپەئەت ھۆكمى بىلەن ئۇ ئىش يولغا قويۇلۇشى مۇمكىن. ئەگەر مەغلۇب بولغان زىيانلىق يوق بولماي، بەلكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنداق زىيانلىقلارنى ئىسلام شەرىئىتى ئۈستىگە ئالمايدۇ. پايدىلىق ئىشنىڭ غالىبلىق ھۆكمى بىلەن ئۇ ئىش يولغا قويۇلمايدۇ.

ئەگەر زىيانلىق ئىكەنلىكى غالىب بولسا، ھارام قىلىنىدۇ. مەنپەئەت ئاساسلىرىنى شەرىئەت ئىسلامىيە ئەلۋەتتە پىدا قىلىدۇ.

زىيانلىق ئىشلاردا شەرىئەت ئىسلامىيەنىڭ ئېھتىياتى شۇ قەدەر بۈيۈكتۇر.

55 ـ ئاخىرقى ئىككى نۇقتىدىكى بايانلار ئوبدان مۇلاھىزە قىلىنىدىغان بولسا، ئىچىملىك ھەققىدىكى شەرىئەت ئىسلامىيەنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ دەرىجىسى، قارارلىرىنىڭ

كۈچلۈك ئاساسلىرى ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ.

## شەرىئەت ئىسلامىيە ئىجتىمائى ھەيئەتلەر ئەھۋاللىرىغا ھەر زامان ھۈرمەت قىلىدۇ

56 ـ دۆلەت ئىچىدە قانۇنلارنىڭ، مىللەت ئىچىدە ئادەتلەرنىڭ تەقەززاسىغا مۇخالىپ ھەر قانداق شەيئى باتىلدۇر، ھارامدۇر. قانۇنغا مۇخالىپ، ئومۇمى ئادەتكە مۇخالىپ، ئومۇمنىڭ پىكرىگە خىلاپ ھەرىكەت شەرىئەت ئىسلامىيە ھۆكمى بىلەن باتىلدۇر، مەنئى دۇر.

مەسىلەن: ئىچىملىك ھەققىدە ئىسلام قانۇنى، ئىسلام ھۆكمى، دۆلەت ئىچىدە يولغا قويۇلسا ئىدى ھاراقنى ئىچكەنگە ئوخشاش، ياساش، سېتىشۆ ئېلىش، ھېچقانداق شەكىلدە جائىز بولمايتتى.

ئىمانىنىڭ ئىجابى شۇ دۇر، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ تۈزۈمىمۇ پەقەت شۇ تەقدىردە بولىدۇ.

## مەس قىلغۇچى ئىچىملىك جىنايىتىگە ھەد(جازا) يوقتۇر

57 ـ شەرىئەت ئىسلامىيە ھاراقلارنى، پۈتۈن ۋەسىلىلىرىنى قەتئى پەرمان بىلەن پۈتۈنلەي مەنئى قىلغان بولسىمۇ، ھاراق جازاسى، ھاراق جىنايىتى (ئۇقۇبىتى) ھاراق ھەددى (جازاسى) شەرىئەت ئىسلامىيەدە يوقتۇر.

قۇرئان كەرىمدە ئەلۋەتتە يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىرىدە ياكى ئەمىلى قىلغان سۈننەتلىرىدىمۇ ئەلۋەتتە يوقتۇر.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ساھابە كىراملار ھۇزۇرىدا بىر ھادىسىدە پەقەت بىر قېتىم بولغان بولسىمۇ، ئەسلى سەۋىبى ھاراق ئەمەس ئىدى، بەلكى مەس قىلىشى مۇمكىن بولغان ئەقلىدىن ئېزىش ئېپتىراسى سەۋەب قىلىندى.

سەۋىبى ھاراق بولسا ئىدى، ھاراق ئاشكارا تۇرغاندا، ئېھتىمالى بولغان ئىپتىرا جىنايەتلىرىنى ئىزدەش ئەلۋەتتە ھاجەت بولماس ئىدى.

ھەدىس، فىقھى كىتابلىرىنىڭ رىۋايەتلىرى مۇشۇ. ئەمىلىيەت شۇنداق بولسا، سەۋىبى ھاراق ئەمەسلىكى، ساھابىلارنىڭ پىكىر بىرلىكى بىلەن سابىت بولىدۇ.

توغرا، ساھابە كىراملار ئۇ ۋەقەدە ھەدنى يۈرگۈزدى. لېكىن ئىجرا قىلىش يولى بىلەن ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەدبىرى ئىدى. مەلۇمكى، قازا(ھۆكۈم) ھەر ھادىسىدە ئىجرا قىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما قانۇن بولمايدۇ.

58 ـ نىمە ئۈچۈن ھاراقىقا جازا يوق؟

چۈنكى، ھاراقنىڭ ئەۋۋەلقى زەرەرلىرى خۇسۇسىدۇر. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بەلكى ئىچكۈچىلەرنىڭ پەقەت ئۆزلىرىگىلا ئائىتتۇر. ئەمما ئەسلى سەۋەبلىرى

ئىجتىمائىدۇر. مەسئۇلىيەتنىڭ ئۇندىن توققۇزى خارىجدە بولۇپ، يا ھۆكۈمەتتە يا خەلقتە بولىدۇ.

شەرىئەت ئىسلامىيە مەس قىلغۇچى ماددىلارنى ھارام قىلىپ ھاراقنى بۈيۈك جىنايەت ھېسابلىغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا كۆرە ھاراق جىنايىتىگە جازا تەيىن قىلمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىختىيارىغا، ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىرىگە تاپشۇردى.

## شەرىئەت ئىسلامىيە قانۇنلىرى ئەقىدىلەرنى ھۆرمەت قىلىدۇ

59 ـ ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئەمەل قىلىدۇ. ھەر مىللەت نىڭ ئەقىدىسى ئىھتىرام قىلىنىدۇ. ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىغا كۆرە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

دىنلەرنىڭ قانۇنى، ئەقىدىلەرنى ئىھتىرام قائىدىسى شەرىئەت ئىسلامىيەدە ھەر خۇسۇستا مۆتىۋەردۇر. «قواعد فقهية» ناملىق كىتابىمىنىڭ 75 ـ بېتىدە قىسقىچە بايان قىلىندى.

60 ـ مىللەتنىڭ ۋىجدانى، خەلقنىڭ نەزىرى، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى بىر ئىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ئىش مەرۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەبىھ ھېسابلايدىغان بولسا، مۇنكەر بولىدۇ.

روسيەدىكى پۈتۈن مىللەتلەرگە، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلىرىغا بىزنىڭ شۇ كۈنكى نىسبىتىمىز شۇ قائىدىگە ئاساسەن بولىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى، ئىسلام تەلىملىرىغا تامامەن رىئايە قىلىش بىلەن

بىرگە، بىز روسىيە مىللەتلىرى بىلەن ئەقىدىلىرىغا كۆرە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلىرىغا، تەدبىرلىرىغا كۆرە مۇئامىلە قىلىمىز.

61 ـ روسىيەدىكى مىللەتلەر پۈتۈن مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنى پۈتۈن ھاراقلارنى ھالال سانايدۇ. ھۆكۈمەت قانۇنلىرى پۈتۈن مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنى مۇتەقەۋۋىم بىر مال ھېسابلايدۇ. قىممىتى بۈيۈك بىر تاۋارغا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ.

ھاراق ئىچىش بىزنىڭ ئەقىدىمىزدە ھارام بولسىمۇ، مەدەنىيەت دۇنياسىدا، روسىيەدە ئومۇم خەلقنىڭ چۈشەنجىسىدە ھاراق ئىستىمال قىلىش ئادەتتىكى ئاددى بىر ئىشتۇر.

62 ـ قىرىم، قاپقاسىيە، تۈركىستان، روسىيەدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزۈملىرىدىن شىرنە چىقىرىلسا، شىرنەلىرى كېيىن ھاراق بولۇپ قالسا، ياكى ھاراق قىلىنسا، مۇسۇلمانلار قولىدىكى شۇ مال بۈگۈن مۇتەقەۋۋىم بولىدۇ. سېتىش جائىز بولىدۇ. پۇلىسى ئەلۋەتتە ھالالدۇر.

يۇقىرىدا (15 ـ 16 ـ) ماددىلاردىكى بايانلىرىمنى فەقىھلەر بۇ يەرگە ئىلاۋە قىلىدىغان بولسا، بۇ جاۋاب پۈتۈن تەرەپلىرى پۈتۈن ئاساسلىرى بىلەن تېخىمۇ زىيادە روشەن بولىدۇ ان شاءالله.

مېنىڭ بۈگۈنكى ئىجتىھادىم مۇشۇ. قەلبىمدە ئىشەنچە

هاسىل بولىدى ـ دە يازدىم. مەقسىتىم ئەلۋەتتە توغرىغا نائىل بولۇش ئىدى. ان شاءاللە توغرىغا نائىل بولدۇم. خاتالاشقان بولسام ئۈممەت مۇجتەھىدلىرى ئاگاھلاندۇرغاي. مەنمۇ ئىستىپادە قىلارمەن. ئۈممەتمۇ شۇبھىدىن، بالادىن خالاس بولار.

مەقسىتىم خالىس بولغانلىقتىن يا توغرىغا نائىل بولۇش ياكى ساۋابقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىككىنىڭ بىرى مېنىڭ ئۈمىدىمدۇر.

63 ـ هاراملارنىڭ بىرىگە ۋەسىلە بولۇش جەھەتتىن هارام قىلىنغان هەر قانداق بىر ئىش، هارام ۋەسىلىسى قىلىنماستىن پايدىلارنىڭ بىرىگە ئىرىشەلەيدىغان بولسا، ئۇ ئىش شۇ شەكىلدە ئەلۋەتتە هالال بولىدۇ.

ۋەسىلىلىرى هەر قاچان غايىلىرىگە داخىل بولىدۇ. ۋەسىلىلىرىدە هاراملىق پەقەت غايەلىرىدىن توغۇلىدۇ. غايەلىرى هارام بولمايدىغان بولسا ۋەسىلىلىرى ئەلۋەتتە هالال بولىدۇ.

يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن هارام قىلىنغان بولسا، پايدىغا يېتىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە هالال قىلىنىدۇ.

ئىجتىمائى هاياتتا شەرىئەتنىڭ بۈيۈك ئەهمىيتى مۇشۇ جەهەتتە بولىدۇ.

## جاۋابلىرىمنى قانداق يازدىم؟

قرىم مۇسۇلمانلىرى تىلىدىن يۇقىرىدا ھىكايە قىلىنغان، قىيىن ئىككى مەسىلىنىڭ جاۋابلىرى بۇ يەردە تۇگىدى.

باشتا تەقلىد دائىرىسىدە ھەنەپى ئىماملىرىنىڭ جاۋابلىرىنى «بدائىع» كەبى ئەڭ ئىشەنچىلىك ئەڭ مۆتىۋەر كىتابلاردىن بىر قانچە قېتىم نەقىل قىلدىم. خەلق قانائەت قىلغۇدەك ئوچۇق، فەقىھلەر تەسلىم بولغۇدەك ئاساسلىق ئىدى.

كېيىن شەرئى دەلىللەردىن، قۇرئان كەرىمدىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىدىن ۋاستىسىز ئىجتىھادىمىنىمۇ يازدىم. تام 63 ماددىداجاۋابلىرىم توغرۇلۇق ئەرشلىرىگە بارابەر بولدى.

15 ماددىدا (20 ـ 35 ماددىلاردا) ، قۇرئان كەرىم بايانلىرىنى بۈيۈك مۇجتەھىدلەرنىڭ گۈزەل ئىجتىھادلىرىغا سېلىشتۇرۇش بەرىكىتىدە، 16ـ ماددىنى تامامەن ئاساسلىق، ئوچۇق ئىسپات قىلىپ، بۈيۈك يامانلىقتا ھاراق تۈرلىرىنى تامامەن ھەل قىلدىم.

يۇقىرىدا (21 ـ 22 ـ) ماددىلاردا يېزىلغان بايانلىرىمنى كېيىنكى ماددىلارنىڭ نۇرى بىلەن ئىزاھلاپ قەتئى ئاشكارا بىر نەتىجە بولۇش ئۈچۈن يېزىلغان 62 ـ ماددىدا كېيىنكى سۇئالنىڭ جاۋابىنىڭ نەتىجىسىنى يازدىم.

زامانىنىڭ، زېمىنىنىڭ يول قويۇشىغا مۇۋاپىق بىر نىزامدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادى ھاجەتلىرىنىمۇ ھەل قىلغاندەك

بولدۇم. لېكىن دىنلىرىنىڭ ئەڭ كىچىك زەرەرلىرىنى دۇنيالىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك دوررەلىرىنىڭ يولىغا قۇربان قىلمىدىم. دىنلىرىنىڭ ئەدەبلىرىنى دۇنيالىرىنىڭ زەھەبلىرىدىن (ئالتۇنلىرىدىن) ھەر ۋاقىت ئىلگىرى قىلاتتىم. بۇ قېتىم يەنە شۇنداق قىلدىم.

جاۋابلىرىمنى يازدىم. لېكىن فىقھى كىتابلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى زامانىنىڭ ئادەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ھەۋىسى مەندە يوق ئىدى. ئىسلامىيەتنى مەدەنىيەت تۈزۈملىرىگە تەتبىقلاش نامى بىلەن تەقلىد قىلدۇرۇش ھەۋەسلىرىمۇ مەندە يوق ئىدى. مەدەنىيەتنى تەرەققىياتنى كىچىك مودىلاردىن ئىزدەش سادىدىلىقىمۇ مەندە يوق ئىدى. ھاياتنىڭ زۆرۈرەتلىرى ھۇزۇرىدا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەركى قىلىش ئاجىزلىقى مەندە يوق ئىدى. مەن بۇرۇندىن بۇنداق شەيئىلەردىن تامامەن ئازات ۋە يىراق ئىدىم.

بىزنىڭ فەقىھلەر ھاياتنىڭ زۆرۈرەتلىرىنى شەرىئەتنىڭ قارارلىرىغا قارىمۇ قارشىدەك تەسۋىرلەيدۇ. ھاياتنىڭ زۆرۈرەتلىرى ھۇزۇرىدا شەرىئەتنىڭ قارارلىرىنى بەزى چاغدا تەرك قىلىشىدۇ. «الضرورات تبيح المحظورات» (زۆرۈرەت ھاراملارنى مۇباھ قىلىدۇ) دېگەن تەبىرنىڭ مەنىسى شۇ دۇر. بىزنىڭ فەقىھلەرنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىمۇ شۇنداقتۇر، تەسۋىرلىرىمۇ شۇنداق.

قارىمۇ قارشىلىق تەسەۋۋۇرلىرىدىن، قارىمۇ قارشىلىق تەسۋىرلىرىدىن مەن ھەر زامان ساقلىنىمەن.

مېنىڭچە شەرىئەتنىڭ ھۆكمى ھاياتنىڭ زۆرۈرەتلىرىگە ھېچقاچان قارىمۇ قارشى كەلمەيدۇ. ھاياتنىڭ زۆرۈرىتى ھېچقاچان ھارام بولمايدۇ. زۆرۈرەت دائىرىلىرىدە ھاراملىق قالمايدۇ. زۆرۈرەت دائىرىلىرىدە ھاراملىق تەسەۋۋۇر قىلىش خاتا دۇر. ھاياتنىڭ زۆرۈرەتلىرىگە شەرىئەتنى قارىمۇ قارشىدەك تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ بۈيۈك خاتا دۇر.

قارىمۇ قارشىدەك تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كېيىن، شەرىئەت قارارىنى ئىجرا قىلماسلىق ئوچۇق جىنايەت بولىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش، قەستەن كىچىك ساناش بولىدۇ.

. ئەگەر بىر پەرز بولسا، ئويلاپ باقايلى ھايات زۆرۈرەتلىرىنىڭ بىرىنى شەرىئەت ئىسلامىيە ھارام قىلسا، بۇ ھالەتتە پەقەت بىر زۆرۈرىتىمىنى ئەمەس، بەلكى بىر قانچە زۆرۈرىتىمنى شەرىئەتنىڭ ھارام قىلىشى ھۇزۇرىدا ئەلۋەتتە تەرك قىلىمەن.

مەزھىبىم بۇرۇندىن مۇشۇ. بۈيۈك ئىنقىلاب تۇپانلىرىدا، بۈيۈك ئىنقىلاب زامانلىرىدا ئەقىدەم سامالىرىگە ئىمانىم كۆكلىرىگە دەخلى يەتكۈزەلمىدى، بەلكى ئەۋۋەلقى ئەقىدىلىرىمنى، بۇرۇنقى كۆز قاراشلىرىمنى، ئەۋۋەلقى پىكىرلىرىمنى پۈتۈنلەي كۈچلەندۈردى. پۈتۈن كۈچى بىلەن

نۇرلاندۇردى.

جاۋابلىرىمنى بۇ قېتىم يەنە مۇشۇ يولدا يازدىم. دەلىللىرى ئەقلىمدە تولۇق ھازىر ئىدى. كۆڭلۈمدە شۇ خۇسۇستا ھېچبىر ھەيرانلىق تەسىرى يوق ئىدى. قەلبىمدە بۈيۈك بىر قانائەت، كۈچلۈك بىر ئىشەنچە بارئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن جاۋابلىرىمنى بۈيۈك بىر سۈكۈنەت ئىچىدە يازدىم.

ئۈمىد قىلىمەنكى ان شاءالله توغرىغا نائىل بولدۇم. مەمنۇن بولدۇم. خەلقىنىڭ دىنى كۆز قاراشلىرىنى دۇنيالىرىنىڭ زۆرۈرەتلىرى يولىدا پىدا قىلماسلىق پەزىلىتى جاۋابلىرىمدا بار ئىدى. بۇ جەھەتتىن مۇشۇ نىيىتىم قاتمۇ ـ قات ئاشتى.

دىنلىرىنى زۆرۈرەتلىرىگە مۇخالىپ كۆرۈشتەك بۈيۈك بىر ھەرەجدىن، ۋىجدان ئازابلىرىدىن خەلقىنىڭ قەلبى ئازات بولدۇ. روس ۋەتكىسىدەك ھالاك قىلىدىغان ھاراقلارنىڭ ھەر بىرىدىن قۇتۇلۇش ھەققىدە، ساقلىنىش يولىدا تەدبىرلەرنىڭ، چارىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى شەرىئەت ئىسلامىيە ھىكمىتى بىلەن تەمىن قىلىندۇ دېدىم ـ دە قەلبىم قانائەتلەندى.

شەرئى ئىدارىلەرنىڭ، دىنى نازارەتلەرنىڭ، ئىلمى كېڭەشلەرنىڭ دەستۇرى بولغان شۇ قارارلارغا ھازىرلىق بولار دېگەن ئۈمىد بىلەن پۈتۈن مۇلاھىزەلىرىمنى كىتاب شەكلىدە نەشر قىلدىم.

قىرىم شەرئى ئىدارىسىنىڭ مۇجتەھىد ئەزالىرىدىن مۇھتەرەم

بالاغەتلىك خەتىب سەيىد مۇرات ئەپەندى ھەزرەتلىرى بىر سۆھبەتتە:

«ھاراقلارنىڭ تىببى، ئىجتىمائى زىيانلىرى، باغ ساھىبلىرىنىڭ ئىقتىسادى بۈيۈك زۆرۈرەتلىرى بىزگە ئوچۇق مەلۇمدۇر. لېكىن فىقھى ھۆكۈملەردە، شەرئى دەلىللەردە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك بەزى نۇقتىلار بار، دەپئى قىلىنىدىغان بەزى شۈبھىلىرىمىز بار. سىز بۇ تەرەپكە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈڭ» دېگەنىدى.

مۇھتەرەم سەيىد مۇرات ئەپەندىنىڭ شۇ سۆزلىرى ئىسىمدە بار ئىدى. مۇشۇ كىتابتا مەسىلىلەرنىڭ پەقەت فىقھى ھۆكۈملىرىگە، شەرئى بايانلىرىغا كۆڭۈل بۆلدۈم.

• «اللە تائالا بىزگە ھىدايەت قىلمىغان بولسا، ھىدايەت تاپمىغان بولاتتۇق»

## ھاراق بالالىرىنىڭ سەۋەبلىرى

ھاراقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە شەرئىئەت ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ھەدىسلىرىنى، قۇرئان كەرىم ئايەت كەلىمىلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈش تىلى بىلەن تىلاۋەت قىلاتتىم. بالاغەتلىك چوڭقۇر ئىپادىلىرىنى ئىجتىھاد ئۈمىدى بىلەن پىكىر قىلاتتىم. ھاراق كېسەللىكىگە ئىنسانلارنىڭ شىددەتلىك ئومۇمى مۇپتىلا بولۇشىنىڭ ئەسلى

سەۋەبلىرىنى، كىچىك سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئارزۇسى قەلبىمدە ئىلھام بولۇپ ئويغاندى.

ئاقىۋەت، قۇرئان كەرىم ئايەت كەرىملىرىگە، ئەۋۋەلقى ئۇممەتلەرنىڭ كىتابلىرىنى، تەۋرات، ئىنجىللەرنىڭ ئۇلۇغ بايانلىرىنى ئورتىغا قويدۇم. سېلىشتۇردۇم. ئالكول كېسەللىكىگە بۈگۈنكى شىددەتلىك مۇپتىلا بولۇشنىڭ ئەۋۋەلقى سەۋەبلىرىنى، كۆچلۈك سەۋەبلىرىنى ئۇ يەردە (كونا ئەھدى، يېڭى ئەھدى سەھىپىلىرىدە) ئۇچرۇق كۆردۈم.

1 ـ يەھۇدى پەيغەمبەرلىرىنىڭ بۈيۈك ئاتىلىرى نۇھ ئۈزۈم سىقىپ هاراق چىقىراتتى. هەر ۋاقىت ئىچەتتى. هەر زامان مەس بولاتتى. چىدىردا يالىڭاچ تۇراتتى. ئاتىلىرىنىڭ بۇنداق هالىتىگە سام، ياپەس رازى بولىسمۇ، هام رازى بولماي ئىتىراز قىلاتتى. نۇھنىڭ بۇنداق هالىتىگە پەقەت قارشى چىقىش گۇناھى ئۈچۈنلا هام مەلئۇن بولدى. نەسلى ئەبىدى مەلئۇن بولدى. رازى بولۇش سەۋىبى بىلەن سام بەرىكەت ساھىبى بولۇپ، ياپەس پۈتۈن هات ساھىبى بولدى. هامنىڭ نەسلى سام، ياپەسنىڭ ئەۋلاتلىرى قولىدا ئەبىدى قۇل بولۇپ قالدى. (تەكۋىن ـ 9 )

يەنى هاراقنىڭ ئۇلۇغلىقى، كارامىتى شۇ قەدەر بۈيۈك ئىدى. هەتتا ئىچكۈچىلىرىگە قارشى چىقىش گۇناھى پۈتۈن نەسلىنىڭ قىيامەتكىچە مەلئۇن بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

يەھۇدىلارنىڭ شۇ تەمسىللىرىگە، گۈزەل مىفلىرىگە ئىشارەت يولى بىلەن ، ئىسلام پەيلاسوپى ئىمام ئەبۇلئەلا ھەزرەتلىرى «اللزو ميات » دا:

ومذهبى فى البرايا كونهم شيعا
كالثلج و الفار منه الجون والحلك

ما أسود حام الذئب كان احدثه
لكن غريزة لون خطه الملك دەيدۇ.

2 ـ ئىلام پادىشاھلىرى بىلەن جەڭدە غەلىبە قىلىپ، غەنىمەتلىرىنى ئېلىپ، ئىبراھىم پەيغەمبەر قايتىشىدا سالام پادىشاھى، ھەققانىيەت پادىشاھى مۇلكى سادىق ئىبراھىمنى قارشى ئالدى، تەبرىكلىدى. نان ۋە ھاراق بېرىپ ھۆرمەتلىدى. مۇلكى سادىق كاھىنلەرنىڭمۇ ئەڭ بۈيۈكى ئىدى. ئىبراھىم ھەققىدە بەرىكەتلىك دۇئا قىلدى. ئىبراھىم شات بولدى. پۈتۈن غەنىمەتلەرنىڭ ئۆشرىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. (تەكۋىن ـ 14 )

تەۋرات ئالىملىرىغا مۇلكى سادىقنىڭ شەخسىيتى مەلۇم بولمىسىمۇ، تەۋراتنىڭ ئىبارەتلىرىگە كۆرە مۇلكى سادىق ئىبراھىمدىن بۈيۈك كاھىن ئىدى. ئىبراھىمدىن بۈيۈك پەيغەمبەر ئىدى.

دۇئانىڭ مەقبۇل بولۇشىغا ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن ئىككى پەيغەمبەر ھۇزۇرىدا زىياپەت داستىخىنى ئۈستىدە مۇبارەك

هاراق ئامىن بولۇش يولىدا هازىر ئىدى.

3 ـ ھىلىلەرنىڭ يۈتۈن سۈرەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۈممىتىگە تەلىم يولىدا سىفىر تەكۋىندە يېزىلغان 27 ـ پەسلىدە: ياشانغان كۆنلىرىدە ئىسھاق پەيغەمبەر هاراق روھى بىلەن جانلىنىپ، هاراق نەپسى بىلەن ئىلهام ئېلىپ ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا دۇئا قىلىدىغان بولدى. ئالداندى. يۈتۈن بەرىكىتىنى ئوغلى ياقۇبقا بەردى.

دۇئا ھەر قانچە ناھەق بولغان بولسىمۇ، هاراق قۇۋۋىتى بىلەن روھلىنىپ، هاراق ئىلهامى بەرىكىتىدە قايتۇرۇپ ئېلىش مۇمكىن بولمىدى. بۈيۈك بىر پەيغەمبەر ئالداندى. بۈيۈك بىر پەيغەمبەر ئالدىدى. ئايال مەرىپىتى بىلەن تەلىم قىلىنغان ھىلە ھۇزۇرىدا خۇدالىرى تامامەن ئاجىز قېلىپ، هاراقنىڭ ھۆرمىتىگە نىھايەت رازى بولدى. (تەكۋىن ـ 27 )

يەنى هاراقتا شۇ قەدەر بۈيۈك قۇۋۋەت، شۇ قەدەر بۈيۈك ئۇلۇغلۇق، شۇ قەدەر بۈيۈك كارامەت ئۇ ۋاقىتدا بار ئىدى!

ياقۇپ ئۆلۈم كارۋىتىدا ياتتى. ئوغۇللىرىنى دەۋەت قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە باشلىرىغا كېلىدىغان ئەھۋال ھەققىدە ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم نەسىھەت سۆزلىدى. ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرەتلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشقا قەدەر دۆلىتى داۋام قىلىدىغان ئوغلى يەھۇدا ھەققىدە ئىززەتلىك، بەرىكەتلىك ھايات، كۈچلۈك دۆلەت ۋەدە قىلىپ،

ئەڭ بۈيۈك بىرئايدائەل بۇلۇشقا، ئىززەتلىك بەرىكەتلىك ھاياتنى ئۈزۈم باغلىرىنىڭ تاتلىق ھاراقلىرى بىلەن تەسۋىرلىدى. (تەكۋىن ـ49 )

بەقەرە سۈرىسىدە 133 ـ ئايەت كەرىمىدە ئىنكار يولى بىلەن ھىكايە قىلىنغان شۇ غايەت ئەجىب قىسسە ـ تەۋراتتا سىفىر تەكۋىندە، ئەڭ مۇھىم پەسىلدە، بۈيۈك بىر دىپلومات تىلى بىلەن، ئاجايىب بالاغەتلىك قىسقا ئىبارىلەردە، يەھۇد نەسىللىرىنىڭ روھلىرىغا تەلقىن، قانلىرىغا تلقيح (سىڭدۈرۈش) قىلىش تەدبىرى بىلەن سەكرات مىنوتلىرىدا، تامامەن ئەقلى جايىدا ۋاقتىدا پەيغەمبەرلىك تىلى بىلەن، مۇبارەك ھاراق ئۆلۈم ياتاقلىرىدا ئاخىرىقى نەپەسدە ۋەسىيەت يولى بىلەن مۇقەددەس قىلىندى.

5 ـ ئىسرائىل ئەۋلادىغا نىسبەتەن الله ئۆزى ساقىدۇر. ئۆزى ھاراق ياسىغۇچىدۇر. ئەڭ گۈزەل ھاراقلار بىلەن تولغان قەدەھلەرنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا الله ئۆزى بىرىدۇ. ئۆزى تەقدىم قىلىدۇ. (مزامىر ـ 75 ، ئەشئىيا ـ 5)

يەنى بەندىلەرگە اللەنىڭ ئەڭ بۈيۈك نىمەتلىرى ھاراقتۇر.

6 ـ يەھۇدىلارنىڭ مەبەدلىرىگە، ئۇلۇغلىرىنىڭ ئۇلۇغلىرىگە ئەڭ مەقبۇل ھەدىيە ـ خۇش بويى بىلەن اللەنىڭ ئۆزىگە خۇرسەنلىك بەرگۈچى ھاراقتۇر. ئۈچ، تۆرت، ئالتە قەدەھ تەقدىم قىلىنىدۇ. (لاۋى 23 . ئەدەد 15 ـ 28 )

يەنى قۇربانلارنىڭ ئەڭ مەقبۇللىرى ياخشى هاراقتۇر.
هاراق تەقدىم قىلىش بۈيۈك بىر ئىبادەت هېسابلىنىدۇ.

7 ـ ئۈزۈم باغلىرىدىن، هاراقتىن مەھرۇم قىلىش، ئەڭ بۈيۈك بىر جازادۇر. (ئەشىيا ـ 16 ) (ئامۇس ـ 5 ) يەنى ئىجتىمائى جەمئىيەتتە هاراق بولۇشى ھەم زۆرۈردۇر، ھەم بەختتۇر.

8 ـ يات مىللەتلەرنىڭ هاراقلىرى يىلان زەھىرى كەبى هارامدۇر. لېكىن مىللەتنىڭ ئۆز هارىقى مىللەتنىڭ ئۆزىگە ھالالدۇر. بۇ (تەسنىيە 23 ) دە تەۋرات ساھىبى مۇسا پەيغەمبەر شەرىئىتى.

9 ـ ھەر ئادەم هاراق ئىچەتتى. هاراق ئىچمەسلىك يا جازا يولىدا يا رىيازەت يولىدا بولاتتى. (ئەدەد ـ 5 )

10 ـ سۇلايمانغا ئوخشاش بۈيۈك بىر پادىشاھ، بۈيۈك بىر نەبى، بۈيۈك بىر شائىر ھېكىم «نەشىدۇلئەنشاد» كەبى بالاغەتلىك بىر كىتابتا مۇختەلىپ پەسىللىرىدە پاھىش ئەجەم شائىرلىرىدىن زىيادە هاراق مەدھى قىلىناتتى. تەقدىس قىلىناتتى. (نشيد الانشاد 1 ـ 5 ـ 7 )

11 ـ يەھۇدى ۋە ناسارالار ئۆزلىرىنىڭ دىنى بىلىم يۇرتلىرىنى گۈزەل هاراق بېرىدىغان ئۈزۈم باغلىرىغا تەمسىل قىلاتتى. (اشعياه ـ 27 ) (يوھەننا)

12 ـ خرىستىئانلارغا نىسبەتەن ئىسا ئۈزۈم بېغى بولۇپ، كۆكلەردىكى ئاتىسى باغچىدۇر. (يوھەننا 15)

يەنى بەندىلىرىگە اللەنىڭ بېرەلەيدىغان ئەڭ گۈزەل ئېھسانى هاراقتۇر.

13 ـ كەنىسلەردە خىرىستىئانلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئىبادەتلىرى ئەڭ بۈيۈك سىرلىرى هاراقتۇر. ھەم ناندۇر. پەقەت جەسىدىگە قانائەت قىلماي، ھەقىقى قېنىدۇر دېگەن ئەقىدىسى بىلەن كەنىسلەردە مۇقەددەس قەدەھلەردە خىرىستىئانلار هاراق ئىچىدۇ. (مەتتا ـ 23 ) (لوقا 22 ـ)

14 ـ يەھۇدىلارنىڭ كاھىنلىرى، پەيغەمبەرلىرى هاراقنى سۆدەك، سۈتتەك ئىچەتتى. ھىكمەتلىك پەيغەمبەر مەلىك سۇلايماننىڭ پۈتۈن بەزمىلىرىدە، بۈيۈك مەجلىسلەردە هاراق روھى پۈتۈن ئويۇننى ھەر ۋاقىت جانلاندۇراتتى. قاچىلارغا تولۇپ كەتكەن هاراق يەھۇدىلارنىڭ مەبەدلىرىدە ھەر ۋاقىت ھازىر بولاتتى. ھەر بىر مەجلىستە هاراق ئەڭ مەھبۇب، ئەڭ مۆتىۋەر ھەدىيە ئىدى. ئەڭ نازىنىن قىزلار هاراق بەرىكىتى بىلەن تەمىن قىلىناتتى. (ئەش ئىيا ـ 28 ) (ئەرميا ـ 35 ) (يوھەننا ـ 2 ) (زىكرىيا ـ 9 )

15 ـ بۈيۈك قۇۋۋەت، ئەڭ جەلىبكار جامال، ئەڭ پايدىلىق بەرىكەت ھەممىسى هاراق بەلگۈسى بىلەن بايان قىلىناتتى. يەھۇد پەيغەمبەرلىرىنىڭ كىتابلىرىدا هاراق ھەققىدە گۈزەل مەدھىلەر يېزىلاتتى.

16 ـ ئەۋۋەلقى ئۇممەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى، ئەڭ

بۈيۈكلىرى بۈيۈك سورۇنلىرىدا، پۈتۈن جامائەت ئىبادەتخانىلىرىدا هاراق ئىچەتتى. ئالتۇن، كۆمۈش، تۆمۈر، تاش، ياغاچ بۇتلىرىغا ئىبادەت قىلىشاتتى. (دانيال ـ 5 )

ئەهدى ئەتىق، ئەهدى جەدىد نىڭ ـ تەۋرات، ئىنجىللەرنىڭ هاراق هەققىدە سانالىرى، تەلىملىرى، تەلقىنلىرى يۇقىرىقى ئون ئالتەنۇقتىدا قىسقىچە يېزىلدى.

ئەهدى ئەتىق، ئەهدى جەدىد (كونا يېڭى ئەهدىلەر) تەۋرات، ئىنجىللەر يەر يۈزىنىڭ پۈتۈن كەنىسلىرىدە، پۈتۈن مەبەدلىرىدە زىكىر قىلىنىش ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىناتتى. باشلانغۇچ، ئالى مەكتەبلەردە، ئىلىم ئورۇنلىرىدا مۇقەددەس تارىخ، مۇقەددەس قانۇن، مۇقەددەس ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن تەلىم قىلىناتتى. هۆكۈمەتلىرىنىڭ جەمئىيەتلىرىنىڭ بۈيۈك كۈچى بىلەن پۈتۈن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، مىليونلارچە نۇسخىلارنى پۈتۈن يەر يۈزىگە بەدەلسىز هەر خىل يول بىلەن تارقىتاتتى.

ئەسىرلەر بويى پۈتۈن ئىنسانىيەت شۇ تەلىمات روهى بىلەن تەربىيەلەندى. هاراق مۇهەببىتى خەلقىنىڭ روهلىرىغا، قانلىرىغا ئارىلاشتۇرۇلدى. شۇنداق ئىدى، شۇنداق بولدى. ئىنسانىيەت خارلىققا چۈشتى. بۇنداق بولغاندىن كېيىن ئالكول مەرەزلىكىگە خەلقىنىڭ مۇپتىلا بولۇشى هېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بەلكى يەهۇدىلارنىڭ،

خرىستىئانلارنىڭ، مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ هاراق كىسەللىكىدىن ئازراق نىجات تېپىشى غايەت ھەيرانلىق بولىدۇ. ئاجايىب ئىش بولىدۇ.

هاراق بالالىرىنى، ئالكول مەرەزلىكىنى تارقاتقۇچى شۇنچە قۇۋۋەتلىك، شۇنچە يۈكسەك ۋاستىلەر داۋام قىلغاندىن كېيىن، ھىمايە تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە پايدىسىز بولىدۇ.

ھۆكۈمەتلىرىنىڭ، كىرىس جەمئىيەتلىرىنىڭ پۈتۈن ئىجتىھادلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا بۈيۈك بىر قارشىلىق بولۇپ پايدىسىز بىر ئاۋارىگەرچىلىكتىن زىيادە بۈيۈك بىر گۇناھ بولىدۇ.

هاراق ئىچىش مەدەنىيەت دۇنياسىدا بىر شەرەپتەك، شىپالىقتەك ھېسابلىنىدىغان بولسا، بۈيۈك سورۇنلاردا، بۈيۈك يىغىلىشلاردا ئويۇن ئويناش، شىشە سوقۇشتۇرۇش، بۈيۈك بىر ئىھتىرامدەك كۆرۈلىدىغان بولسا، ئىبادەتخانىلىرىنىڭ، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئابىدلىرىگە هاراق قەدەھلىرى سۇنۇپ، هاراق مۇھەببىتىنى ئابىدلىرىنىڭ قەلبلىرىگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولسا، تىۋىپلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شەپقەتلىك ئاتا ـ ئانىلىرى مۇھەببەتلىك پەرزەنتلىرىگە تاتلىق شاراب بېرىدىغان بولسا، بۇنداق بىر مەدەنىيەت ئىچىدە هاراق بالالىرىغا، مەسلىك تائۇنلىرىغا مۇپتىلا بولۇش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر.

دىنى، ساماۋى كىتابلارنىڭ بۇنداق ھاللىرىغا مەن بۇرۇندىن تەئەججۇب قىلاتتىم. بۇنداق كىتابلارنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇممەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىنى، مېھرابلاردا، ئىبادەتخانىلاردا زىكىر بولۇش ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىشىغا مەن تېخىمۇ ئەجەبلىنەتتىم.

تەلمۇدنى، ئەھدى ئەتىق، ئەھدى جەدىد كىتابلىرىنى ھەر قانداق پەيلاسوپتىن ئارتۇق بىلىدىغان بۈيۈك كارىل ماركسنىڭ : «دىن خەلقنىڭ ئەپيۇنىدۇر» دېگەن سۆزىنى دىن كىتابلىرىنىڭ بۇنداق پەسىللىرىدە بەلكى مەنمۇ قوبۇل قىلىمەن.

ئەمما، «ئۇلارغا اللە تەرىپىدىن قوللىرىدىكى كىتاپنى تەستىقلايدىغان بىر پەيغەمبەر كەلسە، بىلمەيدىغاندەك، اللەنىڭ كىتابىنى ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ. ئۇلارسۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئەگەشتى.» (بەقەرە 101 ـ 102 ـ ئايەتلەر) كەبى ئايەتلەرنى ئەھدى ئەتىق، ئەھدى جەدىد كىتابلىرىنىڭ بۇنداق پەسىللىرى ھەققىدە تىلاۋەت قىلىمەن. بۇنداق ئىشلاردا قۇرئان كەرىم ئەدەبلىرىگە مەن بويسۇنىمەن.

شەرق شائىرلىرىنىڭ، ئىسلام سوپىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە يەھۇدىنىڭ «نشيد الانشاد» لىرىگە، سۇنايلىرىگە تەقدىم قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ غايەت بۈيۈك ئەدەبلىرىگە تامامەن روشەن بولغان مۇخالىپ يوللىرىنى، شىددەت بىلەن مۇخالىپەت

ئۇسلۇبلىرىنى ھەر زامان لازىم قىلىپ، ھاراقتىن، شاراپتىن، سازدىن، مەيدىن ئۇ قەدەر بۈيۈك ئارزۇ ھەۋەس ئۇ قەدەر بۈيۈك زوق بىلەن، ناخشىلىرى، زىكىرلىرى مېنىڭ نەزىرىمدە تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى.

مەجازدۇر. ئىستىئارەدۇر. كىنايەدۇر.... بىلىمەن. لېكىن قۇرئان كەرىم ئەدەبلىرىگە پۈتۈنلەي مۇخالىپتۇر.

مۇھەببەت مەيلىرى، ھەشەمەتلىك بەزمىلىرىنىڭ سازلىرى قانچە لەززەتلىك بولسىمۇ، قانچە گۈزەل بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، مەس بولماسلىق، ئۇسسۇل ئوينىماسلىق، تېخىمۇ بۈيۈك كامالات ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇنداق ئۇسلۇبلەرنى پەس كۆرىمەن.

بۇقرات، سۇقرات، ئەپلاتون كەبى پۈتۈن ھەكىملەرنىڭ بۈيۈك پەيغەمبىرى، بۈيۈك شائىرلارنىڭ ھۆرمەتلىك مەبۇدى، ئەڭ ئىپپەتلىك ئەڭ پاك شائىر ھېكىم ھومىرۇسنىڭ «ئىلىيادە» قەسىدىلىرىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرگە كۆرە ئىلاھلەرنىڭ مەبۇدلەرنىڭ تاماقلىرى، شارابلىرى بار ئىدى. ئارىدا بىرسى مەجلىستە ساقىلىك شەرىپىگە نائىل بولاتتى.

يونان، روما مەبۇدلىرىنىڭ ئەنبەر نامىلىق تاماقلىرى لەززەتلىك خۇشبوي بىر تاماق ئىدى، پاك ئىدى. ۋۇجۇدىنى پاكلار ئىدى. ۋۇجۇدىنى بالالەردىن ھىمايە قىلىپ مەڭگۈ ساقلايتتى.

«طهرت أعضائها بالعنبر ـ ثم بالزيت العلي الازفر.» (14 ـ نەشىد. 747 ـ بەت)

يونان، روما مەبۇدلىرىنىڭ نەكتار ئىسىملىق شارابلىرىمۇ بار ئىدى. قىزىل رەڭلىك، خۇشبوي ھەسەلدىن 5 ـ 10 ھەسسە تاتلىق، لەززەتلىك شاراب ئىدى. ئىسلام تىلى بىلەن تەرجىمە قىلساق، زەنجىبىل، تەسنىم، سەلسىبىل دېيىش مۇمكىن بولىدۇ. مەبۇدلىرىنىڭ پۈتۈن تومۇرلىرىغا تەسىر قىلىپ روھ بېرەتتى. ئەبەدىلىك بېرەتتى:

بدم نقي بل عصير رائق بعروق ارباب العباد تسلسلا
فهم ولاخبز ولاخمر لهم خلدوا ومن دمنا وجودهم خلا
(نەشىد 403 ـ بەت)

يەنى مەبۇدلىرىنىڭ تاماقلىرى بولىسىمۇ مەبۇدلەر ناندىن تامامەن بىھاجەتتۇر. مەبۇدلەرنىڭ شارابلىرى بولسىمۇ، شارابلىرى هاراق ئەمەستۇر. مەس قىلغۇچى ئەمەستۇر. بەلكى هايات روھدۇر. مەڭگۈلۈك شىپاسىدۇر.

پاپاسلارغا كۆرە مەجۇس ئىلىيادە نەشىدلىرىنى ئەھدى ئەتىق ئەھدى جەدىد پەيغەمبەرلىرىنىڭ كىتابلىرىغا نىسبەت قىلىدىغان بولساق، ئىنسان خىجىل بولىدۇ، ھەيران بولىدۇ.

پوپىلارغا كۆرە مەجۇس ھەمروسنىڭ غايەت پاك، غايەت بۈيۈك ئەدەبلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، دىن پەيغەمبەرلىرىنىڭ، دىن كىتابلىرىنىڭ يامان ئىشلار ھەققىدە خۇسۇسەن مەس

قىلغۇچى ئىچىملىكلەر ھەققىدە غايەت بۈيۈك ئارزۇ ھەۋەسلىرىنى كۆرۈپ، دىن نامىغا، ئەدەب نامىغا ئىنسان خىجىل بولىدۇ. بۈيۈك كارىل ماركىسنىڭ مەشھۇر سۆزىنى تەستىق قىلىپ، «ئەھدى ئەتىق خەلق ئەپيونىدۇر» جۈملىسى بىلەن تەپسىر قىلار.

بۈگۈن دىن نەدە؟ ئەدەب ھازىر نەدە؟

پۈتۈن ھىلىلەرنى تەلقىن قىلىپ، يامانلىقنىڭ ھەر بىرىگە جاسارەت بەرگۈچى ئەھدى ئەتىق، ئەھدى جەدىد كىتابلىرىدىمۇ؟

ياكى پاكلىق، يۈكسەكلىك، ھۆررىيەت، ساداقەتنى تەلىم بەرگۈچى «ئىلىيادە نەشىد» لىرىدىمۇ، پەلسەپە كىتابلىرىدىمۇ؟

مۇشۇ سېلىشتۇرمىدا غايەت تەسىرلىك، غايەت بۈيۈك ئىبرەت باردۇر.

دىن كىتابلىرى پاسات يوللىرىغا دالالەت قىلىدۇ. پاسات ھىلىلىرىني تەلىم بېرىدۇ. باتىل ئەقىدىلەرنى تەلىم قىلىدۇ. شىر كىتابلىرى، ھىكمەت كىتابلىرى، توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. بۈيۈك ئىدىئاللارنى ئەڭ ياخشى غايىلەرنى تەلىم قىلىدۇ. بۈيۈك كارىل ماركىسنىڭ مەشھۇر سۆزىنى دىن كىتابلىرى ھەققىدە مەنىمۇ قوبۇل قىلىمەن.

ھومروسنىڭ شىر ھىكمىتى، يونانىنىڭ پەلسەپىسى، يونانىنىڭ سىياسىتى مېنىڭ نەزىرىمدە ئەھدى ئەتىق، ئەھدى جەدىد

تەلىماتلىرىدىن ھەر جەھەتتە قات ـ قات ئۇستۇندۇر.

ھاراق بالالىرىنىڭ كونا، ئەۋۋەلقى سەۋەبلىرى ئەھدى ئەتىق، ئەھدى جەدىد كىتابلىرىدۇر. شەرقنىڭ ھاراقتىن، شارابتىن، مەيدىن، سازدىن بىھاجەت قىلغۇچى شېئىر ئەدەبىياتىدۇر.

ھەر ھالدا دىن، ئىبادەتخانا، ئەدەبىيات كەبى مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ شۇ ھەقتە بۈيۈك ھەسسىلىرى باردۇر. غەرىب بىر زىتلىق كۆرۈلسىمۇ ھەقىقەتتۇر.

## سەۋەبلىرى شۇ بولسا، تەدبىرلىرى نېمە؟

ھاراق بالالىرىدىن، ئالكول كىسەللىكىدىن ساقلايدىغان ئەڭ بۈيۈك ئامىل ئىنسانىنىڭ ئىمانى، ئەقىدىسى، ئومۇمى پىكىر قۇۋۋىتىدۇر.

قۇرئان كەرىم تەلىماتى قاچان خەلقنىڭ ئىمانى، ئەقىدىسى بولىدىغان بولسا، قۇرئان كەرىمنىڭ ھاراق ھەققىدىكى تەلىماتى قاچان مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ كۆز قارىشى بولىدىغان بولسا، مەدەنىيەت ئەقىدىسى بولىدىغان بولسا، شۇ چاغدا، پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالكول بالاسىدىن نىجات بولۇپ قۇتۇلىدۇ.

مۇۋاپىق تەدبىر، پايدىلىق تەدبىر، پەقەتلا ئىماننى قانۇن قىلماقتۇر.

هاراق ھەققىدە قۇرئانچەئىمان ھەيئەت ئىجتىمائىيەنىڭ قانۇنى قىلىندىغان بولسا، ئالكول بالاسى يەر يۈزىدە قالمايدۇ.

ساغلام ئىنساننىڭ ئىسراپى ئاز بولىدۇ. سەلبى ھاجەتلىرىمۇ ئاز قالىدۇ. ھەيئەت ئىجتىمائىيەدە ئىقتىساد ھاكىم بولىدۇ. ھەيئەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ھەر زامان نورمال بولۇپ، پۈتۈنلەي يېتەرلىك بولۇپ، ھەر ۋاقىت بەرىكەتلىك بولۇپ، هاراقىا يۇقىرى مىقتارى باج قويۇش زۆرۈرىتى، خەلقنىڭ ناچار، ھالاكەتلىك ئادەتلىرىدىن، بۈيۈك كىسەللىكلەردىن قۇتۇلۇش مەجبۇرىيىتى ھۆكۈمەت ۋىجدانىغا قالمايدۇ.

يامانلىق قانچىلىك بۈيۈك بولسا، ھەر بىر يامانلىقنىڭ بەزى ۋاقىتدا بۈيۈك ياخشىلىقى بولىدۇ.

ئاسماندىن يەر يۈزىگە ھالاكەتلىك بالالار ياغدۇرغان ئومۇمى ئۇرۇش بەرىكىتىدە ھەر يەردە ھاراق تامامەن مەنئى قىلىنغاندى. قۇرئان كەرىم ھۆكمى دۆلەت ئىچىدە قانۇن قىلىنىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسى ھاراق ئاپىتىدىن ئازات بولغاندى. غايەت بۈيۈك يامانلىقنىڭ غايەت بەرىكەتلىك ياخشىلىقى بولغاندى.

پۈتۈن مەس قىلىدىغان ئىچىملىكنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىتى يوقتۇر. بىر بىچارە ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، تاشلاش ھەر قاچان مۇمكىن بولىدۇ.

سىياسى مەقسەت زۆرۈرىتى بىلەن تەتبىقلانغان شۇ قانۇن

(قۇرئان كەرىمنىڭ بۈيۈك قانۇنى) ئەلۋەتتە داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. داۋام قىلسا ئىدى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالكول ۋەباسىدىن، مەس قىلغۇچى ئىچىملىك ۋەبالىرىدىن ئەلۋەتتە ئازات بولۇپ باشقا چوڭ ـ كىچىك كىسەللىكلەردىن ئازات بولۇش يوللىرىنى ئىنسانىيەت ئاقىۋەت ئەلۋەتتە تاپار ئىدى. بىر نەچچە مىليون قۇربان بەرگەن جاھان ئۇرۇشى پۈتۈن يەر يۈزىگە ھايات بەرگەن بولاتتى. جاھان ئۇرۇشى بۈيۈك بىر ئىلاھى رەھمەت بولۇپ قالاتتى.

ئومۇمى ئۇرۇش تەجرىبىسى ئوچۇق ئىسپاتلىدىكى، ھاراقنىڭ ھاراملىقى ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە بۈيۈك ھەم ئوچۇق بىر دەلىل بولدى. ھاراق ھەققىدە قۇرئان كەرىم ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش شەرىپىگە ئىنسانىيەت شۇ كۈن نائىل بولسا ئىدى «ھاراق ياساش، سېتىش، ئېلىش، ئىچىش ئەلۋەتتە ھارامدۇر» قانۇنى ئاساس قانۇن قىلىنىپ، يەر يۈزىنى پۈتۈن بوزۇقچىلىقلاردىن ئەلۋەتتە تازىلار ئىدى.

## بۈگۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىلىرى

توغرا، ھاراق ھەققىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرى يەر يۈزىدە دۆلەتلەرنىڭ ھېچبىرىدە بۈگۈن يوقتۇر. قانۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرئان كەرىم ھېچبىر يەردە ھاكىم ئەمەستۇر.

ھاراق چىقارماسلىق، ساتماسلىق، ئالماسلىق ئىختىيارى

بىزدە، ئەھلى ئىسلامدا بۇ گۈن يوقتۇر.

لېكىن ئىسلام مىللەتلىرىدە، ھەر بىر مۇسۇلمان شەخستە ئىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرئان كەرىم ھۆكۈملىرىنىڭ مەڭگۈ بولۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىندۇر، ئەلۋەتتە زۆرۈردۇر.

ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ئائىلىلىرىگە، ئۆيلىرىگە نىسبەتەن مۇسۇلمان شەخسلەرنىڭ ئەھۋاللىرىغا نىسبەتەن قۇرئان كەرىم ھۆكۈملىرى ئەلۋەتتە ھەر يەردە ھەر ۋاقىت، ھەر ئىشتا قانۇن بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق بولۇش زۆرۈردۇر. شۇنداق قىلىش بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىدۇر.

قۇرئان كەرىم ھۆكۈملىرىنى ھەر ئىشتا ئىمان ھۆكمى بىلەن لازىم قىلىشىمىز مۇمكىن، ئەلۋەتتە لازىم قىلىمىز.

«ھاراقلارنىڭ ھەر بىرى ھارامدۇر!»

مۇشۇ قانۇن ئىسلام مىللەتلىرىگە، مۇسۇلمان شەخسلەرگە ھەر يەردە قانۇن بولۇشى مۇمكىن، ئىمان ھۆكمى بىلەن لازىم قىلىنىشى مۇمكىن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن مەدەنىيەت دۇنياسىمۇ ئەلۋەتتە شۇ مۇقەددەس قانۇننى بۈيۈك قۇرئان كەرىمنىڭ ھېكمەتلىك بىر قانۇنى بىلىپ ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ.

«ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى ئالامەتلەرنى كۆر

ستىمىز.»

بۇ رىسالەمنى پايدىلىنىش ئارزۇسى بىلەن مۇتالىئە قىلىشقا رىغبەتلىك تالىبلارغا، مۆھتەرەم ئەپەندىلەرگە، مۇجتەھىد ئىمام ئەپەندىلەرگە تەشەككۈر يولى بىلەن، ئىھتىرام قەلىمى بىلەن بىر قانچە ئەدەبى مەسىلە تەقدىم قىلىمەن.

رىسالە خاتىمىسىدە بەلكى مىسكى خىتام بولار.

## پەيلاسوپ ئىمام ئەبۇلئەلا ھەزرەتلىرىنىڭ ھىكمەتلىك ئىرشادى

«دبيب نمال من عقار نخالها بجسمك شر من دبيب العقارب»

يەنى بەدەنگە، تومۇرلارغا ھاراقنىڭ ئاستا ـ ئاستا تەسىرى چايان زەھەرلىرىنىڭ تەسىرىدىن بەتتەردۇر.

دوختۇرلار، ھاراقكەشلەر، ھاراقنىڭ ۋە پۈتۈن مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ تىببى جەھەتتىن سالامەتلىككە پايدىسى بار دەپ داۋا قىلسىمۇ، داۋالىرى ئەلۋەتتە خاتادۇر. يالغاندۇر. يۇقىرىدا 45 ـ 48 ـ ماددىلاردا بايان قىلىندى.

ولو انها كالماء طلق وجبت قلاها اصيلات النهى والتجارب

يەنى ھاراق شەرىئەت ئىسلامىيە نەزىرىدە سۇدەك ھالال قىلىنغان بولسىمۇ ساغلام ئەقىل، دۇرۇست تەجرىبە پۈتۈن

مەس قىلىدىغان نەرسىلەرنى قەتئى هارام قىلاتتى.

ئەرەب تارىخىدا ئىسلامدىن بۇرۇن ئىسمىرى مەلۇم بولغان ئەرەب هېكىملىرىنىڭ، ئەرەب دانىشمەنلىرىنىڭ هەممىسى مەس قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى ئۆزلىرىگە هارام قىلىشقاندى. جاهىلىيەت دەۋرى شائىرلىرىدىن ئەپىپ بىن مەئد يەكرەب ئەلكەندى، زوهەير كەبى شائىرلار مەس قىلغۇچى ماددىلارنى ئۆزلىرىگە هارام قىلغانىدى.

ئەشهەس بىن قەيسنىڭ تاغىسى شائىر ئەپىپ ئەلكەندى:

فلا والله لاالفى وشربا  أنازعهم شرابا ما حييت

ابى لى ذاك أباه كرام وأخوال بعزهم ربيت

ئەرەب ئائىلىرىدە هاراقلارنىڭ هاراملىقى مۇشۇ ئىككى بېيىتتە تامامەن ئوچۇق هىكايە قىلىنغان.

تحي وجوه الشرب فعل سالم  يضاحكه والكيد كيد محارب

يەنى هاراقكەشلەرگە دوست كەبى سالام ئوقۇيدۇ. لېكىن جان دۈشمىنىدەك زىيان يەتكۈزىدۇ.

تألى الحجى واستشهد السكر انها  ذميمة غب لاتحل لشارب

يۇرىقنى، مەسلىكنى شاهىت قىلىپ ئەقىل تۈزىتىدۇ.

هاراقنىڭ ئاقىۋىتى غايەت قورقۇنۇچلۇقتۇر. غايەت ياماندۇر. پۈتۈنلەي هالاك قىلغۇچىدۇر. هاراقكەشلەرنىڭ

ھېچبىرىگە ھېچقاچان ھالال بولمايدۇ.

بۈگۈنكى مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ بۈيۈك دوختۇرلىرى ئۇستا پاتالوگلىرى ئەبۇلئەلا ھەزرەتلىرىنىڭ مۇشۇ تۆرت جۈملە سۆزىگە غايەت ئوچۇق، ناھايىتى ھەيران قالارلىق شەرھى يازدى. ھەممىسى قۇرئان كەرىمنى ئۇچۇق قۇۋەتلىدى.

## دوستخاندا شەرىئەت ئىسلامىيەنىڭ ئەدىبى

« ئۇلارسەندىن ئۆزلىرىگە نېمىلەر نىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئۇلارغا: پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، دېگىن. »

ئىسلام شەرىئىتىدە ھەر قانداق پاك نەرسە ھالالدۇر.

1 ـ پاك بولسا، 2 ـ غىزا بولۇش ياكى.داۋا بولۇش يولى بىلەن پايدىلىق بولسا، 3 ـ زىيىنى بولمىسا، ئۇنداق تاماق، ئۇنداق شاراب ئەلۋەتتە ھالال بولىدۇ.

پاكلىقنىڭ ئەسلى ھالالىلىقتۇر. لېكىن پاك بولۇش ئۇچۈن 3 شەرت بار:

1 ـ پاكلىق، يەنى ساق ئىنسانىنىڭ دۇرۇس تەبىئىتى نەزىرىدە، دورۇس زوقىدە نەپرەتلىك بولماسلىق، مىكروپلۇق بولماسلىق. 2 ـ پايدىلىق بولۇش، غىزا بولۇش كۈچى بىلەن، داۋا بولۇش كۈچى بىلەن، داۋا بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا پايدىسى بولۇش.

3 ـ ئىنسانىنىڭ بەدىنىگە، ئەدەبىگە، دىنىغا زىيانلىق بولماسلىق. بىر غىزادا، بىر شاراپتا، بىر داۋادا مۇشۇ ئۈچ شەرت بولىدىغان بولسا، پاك بولىدۇ. ھالال بولىدۇ. يەنى «بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار». «الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار.» كەبى ئايەت كەرىمىلەرنىڭ ئىھسانلىرىغا داخىل بولۇپ، يېيىش ھالال بولىدۇ. ئىچىش ھالال بولىدۇ. شۇ ئۈچ شەرتنىڭ بىرسى ياكى ھېچبىرى تېپىلمىسا پاك بولمايدۇ، ھالال بولمايدۇ، بەلكى ھارام بولىدۇ.

لىكىن يېيىشنىڭ ھاراملىقى، ئىچىشنىڭ ھاراملىقى باشقا پايدىلىرىنى ھارام قىلمايدۇ. يېيىش ئۈچۈن پاك بولمىسا، باشقا مەنپەتلىرىدىن پايدىلىنىش مۇمكىن بولىدۇ، ھالال بولىدۇ.

پايدىسى بولسا، زايا قىلماسلىق ئەلۋەتتە ۋاجىب بولىدۇ. بۇ ــ ئۇلۇھىيەت نېمەتلىرى ھۇزۇرىدا، ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك بىر ئەدەبىدۇر.

## ھەرنەرسىدە بۈيۈك بىر پايدا ئەلۋەتتە باردۇر

«پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن.» (ئال ئىمران 191 ـ ئايەت)

«الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ

بەردى.﴾ (جاسيه 13 ـ ئايەت)

﴿ اللە يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى.﴾ (بەقەره 29 ـ ئايەت)

تەبىئەت ئىچىدە، يەر يۈزىدە، ئاسمانلاردا پايدىسىز، ئارتۇق، پايدىسى يوق باتىل شەيئى يوقتۇر.

اللەنىڭ ھىكمىتى تەبىئەتنى ئىجاد قىلغاندا، ئۆزىنىڭ سەنئەتلىرىدە ھېچقانداق شەكىلدە خاتا قىلمىدى. ئۇلۇھىيەت تەدبىرلىرىدە ھېچبىر خۇسۇستا پايدىسىز نەرسە تېپىلمايدۇ. يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان شەيئىلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئەلۋەتتە گۈزەل بىر مەنپەئەت، مۇۋاپىق بىر ھىكمەت، بۈيۈك بىر مەنپەئەت ئەلۋەتتە باردۇر.

ئايەت كەرىمىلەرنىڭ ئىپادىلىرىغا كۆرە، يەر يۈزىدە، ئاسمانلاردا مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ ھەر بىرى ئىنسانلارغا ئېھسان قىلىندى.

پۈتۈن شەيئىلەر ئىنسان مۈلكىدۇر. ئىنسان ھەر شەيئىنى تەسەررۇپ قىلسا بولىدۇ.

ھەر شەيئى، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئىچىدە ئىستىمال قىلىنىش شەرتى بىلەن ئەلۋەتتە مۇباھتۇر. ھەتتا زەھەر مۇباھتۇر. زەھەرنىڭ پايدىسى بىلەن ئىنسان پايدىلىنىشى ئەلۋەتتە دۇرۇستۇر. لېكىن پايدىلىنىشنىڭ جائىزلىقى يېيىشنىڭ جائىزلىقنى ئەلۋەتتە لازىم قىلمايدۇ.

ھەر شەيئىنىڭ ئەسلى مۇباھتۇر. پۈتۈن ئەشيالەرنىڭ پايدىلىرىدىن پايدىلىنىش، مەنپەئەتلىرىدىن مەنپەئەتلىنىش ئەلۋەتتە جائىزدۇر. يېيىش ھارام بولغان ئەشيالەرنىڭ ھەر بىرى ئەلۋەتتە بۇنىڭغا داخىلدۇر.

« اللە ئاسمانلار دىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى» (جاسيه 13 ـ ئايەت) كەبى ئايەت كەرىملەرنىڭ قەتئى ئومۇملىرىدىن ھېچبىر يەردە مۇستەسنا ئەمەستۇر. ھاراملارنىڭ ھەر بىرى بۇنىڭغا داخىلدۇر. يېيىشنىڭ ھاراملىقى باشقا مەنپەئەتلەرنى ھېچبىر سۈرەتتە ھارام قىلمايدۇ.

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھارامدۇر. يېيىش مەنئى دۇر. زەرەردۇر. لېكىن ئۇنىڭ تېرىلىرى، گۆشلىرى، بەلكى ھەممەنەرسىسى مالدۇر. ساتماق، ئالماق جائىزدۇر. پايدىسى بولىدىغان بولسا پايدىلىنىش ئەلۋەتتە ھالالدۇر.

سىركىنى ( ) نىجىستۇر. نىجاسەت ھەممىسى ھارامدۇر. لېكىن يەرلەرنى تازىلاش، نۇر ئېلىش، ئىسسىقلىق ئېلىش خۇسۇسلىرىدا بۇلارنىڭ پايدىلىرىدىن مەنپەئەت ئېلىش ئەلۋەتتە دۇرۇستتۇر. بەلكى مەتلۇبدۇر.

تەبئەتتە بىھۇدە شەيئى، بىكار شەيئى يوقتۇر. ھىكمەت قوللىرى ئىقتىساد يولىدا ھەر نەرسىدىن پايدىلىنالىشى مۇمكىن.

## هارام نەرسلەرنى پەقەت تۆت نەرسگە خاس قىلشنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاھىلىيەت ئەرەبلىرى، ياكى ئىنسانىيەت دۇنياسى ھالال شەيئىلەرنىڭ ھالال مەنپەئەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ھارام قىلاتتى. بۇنىڭغا مۇقابىل قۇرئان كەرىم:

« ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسلەردىن يەڭلار، ئەگەر اللەغا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، اللەغا شۈكۈر قىلىڭلار. اللە سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، اللەدىن غەيرىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى.» (بەقەرە 172 ـ 173 ـ ئايەتلەر)

«اللە سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىن يەڭلار، ئەگەر اللەغا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، اللە نىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار. اللە سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، اللەدىن غەيرىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى.» (نەھل 114 ـ 115 ـ ئايەتلەر)

«ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگەئادەتلەنگەنلىكى

ئۆچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ــ ۋە اللەدىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆچۈن ھارام كۆرمەيمەن.» (ئەنئام 145 ـ ئايەت)

مۇشۇ خاس قىلىنغان ئايەتلەردە ھاراملارنى پەقەت مۇشۇ تۆت ئەدەدتە خاس قىلدى.

يەنى پۈتۈن پاك نەرسىلەر ھالالدۇر. پەقەت مۇشۇ تۆتى ھارامدۇر دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

ئەگەر ئايەت كەرىمىلەردىكى خاسلىق «پۈتۈن نىجىسلەر ھالالدۇر. پەقەتلا مۇشۇ تۆ تى ھارامدۇر» دېگەن مەنىدە بولسا ئىدى ئايەت كەرىمىلەردە ئىپادە بولمايتتى. ئىنتىزام بولمايتتى.

«رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ ـ ئىچىڭلار.» ( بەقەرە 57 ـ ئايەت) «اللە سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىن يەڭلار.» ( نەھل 114 ـ ئايەت) جۈملىلىرىگە نىسبەتەن خاسلىقنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولماس ئىدى.

«پەقەت مۇشۇ تۆتى ھارامدۇر. بۇندىن باشقا پۈتۈن نىجاسەت ھالالدۇر» دېيىش شەرىئەت ئەلەمدارى ھەزرەتلىرىنىڭ ھىكمەتلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكلىرىگە، تازىلىقلىرىغا ھېچقانداق شەكىلدە مۇۋاپىق بولمايدۇ.

«ئۇلارغا ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ.» ئايەت

كەرىملىرىگە قۇرئان كەرىم تامامەن مۇخالىپ بولىدۇ.

خاس ئايەت كەرىملىرى ئىنىقتۇر. مەككىدە نازىل بولدى. مەدىنىدە نازىل بولدى.. ھالال غىزالىرى، ھالال مەنپەئەتلىرى ھاراملىققا قارشى نازىل بولاتتى. پۈتۈن پاك نەرسىلەر ھالالدۇر. پەقەت شۇ تۆتى ھارامدۇر دېمەكچى بولسا ئىدى خاس قىلىنماس ئىدى.

35 ـ ماددە مۇشۇ مەسىلە مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلدى.

## «على طاعم يطعمه» جۈملىسىنىڭ مەنىسى نېمە؟

مۆجىزە كالامىنىڭ كەلىمىلىرى ھەتتا ھەرپىلىرىمۇ مۇھىم مەنالارغا دالالەت قىلىشى مۇمكىن. يالغۇز جۈملىلەرنىڭ، ماددىلەرنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن فىقھىشۇناسلار غاپىل بولمايدۇ. كۆڭۈل بۆلىدۇ.

«على طاعم» سۆزى بىلەن ھاراملىق تەرىپى مۇئەييەن بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئۆزى ئۆلگەن ھايۋان، قانغا ئوخشاش ھاراملار پەقەت يېيىش ئۈچۈن ھارامدۇر. باشقا پايدىلىرى بولىدىغان بولسا پايدىلىنىش ئەلۋەتتە ھالالدۇر.

«الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ھارام قىلدى.» ( نەھل 115 ـ ئايەت )

«سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھارام قىلىندى.» ( مائىدە 3 ـ ئايەت ) ھارام قىلىنغان ئايەت كەرىملەرگە «على

طاعم» سۆزى ئەلۋەتتە بايان بولۇشى مۇمكىن.

بۇگۈنكى سىياسەتتە، بۇگۈنكى ھاياتتا ھاكىم بولغان ئىقتىساد نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، مۇشۇ غايەت مۇھىم بۇيۇك بىر پايدا ھېسابلىنىشى مۇمكىن. بىزنىڭ فىقھشۇناسلىرىمىز يېيىش ھارام بولغان شەيئىلەرنىڭ پۈتۈن مەنپەئەتلىرىنى ھارام قىلىدۇ.

لېكىن «على طاعم» جۈملىسىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئىپادىلىرىگە كۆرە يېيىش ھارام شەيئىلەرنىڭ پايدىلىق يەرلىرى ھالال بولۇشى مۇمكىن. ئۆزى ئۆلگەن نەرسە ھارامدۇر. يېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنى يېيىش زىيانلىقتۇر. بۇنىڭغا كۆرە مەنئى دۇر. لېكىن ئۇ ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى بەلكى ھەممە ئەزالىرى مالدۇر. سېتىش، ئىلىش ئەلۋەتتە جائىزدۇر. پايدىسى بولىدىغان بولسا پايدىلىنىش ئەلۋەتتە ھالالدۇر.

«على طاعم» سۆزى بىلەن ھارامىلىق تەرىپى بايان قىلىندى. لېكىن خاسلىق دائىرىسى بايان قىلىنمىدى. «يطعمه» دېگەن سۆپەت جۈملىسى بىلەن خاسلىق دائىرىسى بايان قىلىندى.

يەنى ئادەتتە يېيىلىدىغان غىزالار ئىچىدە پەقەت شۇ تۆتى ھارامدۇر. ئادەتتە غىزا بولۇش دائىرىسىدىن تاشقىرى شەيئىلەر خاسلىق دائىرىسىدىن خارىج بولىدۇ.

نىجاسەتلەر ۋە ناپاك شەيئىلەر خاسلىق دائىرىسىگە داخىل ئەمەس. ئايەت كەرىمىلەردىكى تۆتىنىڭ سىرتىدا قېلىش

جەھەتتە ھالاللىقى لازىم بولمايدۇ.

«مائىدە» نامىدا نەشر قىلىنغان ئەسىرىمدە، بۇ مەسىلە تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تەپسىلى بايان قىلىندى.

## زۆرۈرەت ۋاقىتلىرىدا قۇرئاننىڭ كەڭلىكى

قۇرئان كەرىمدە ھارام غىزالار 5 ئايەت كەرىمدە بايان قىلىنىپ، ھەر قېتىمدا زۆرۈرەت ھۆكۈملىرىمۇ بايان قىلىندى. بۇلاردىن بىرى بەقەرە، بىرى مائىدە، بىرى نەھل سۈرىسىدە، ئىككى ئايەت ئەنئام سۈرىسىدە بولۇپ:

«زۆرۈرىيەت بولمىغىچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەسىلەرنى اللە سىلەرگە ئۇچۇق بايان قىلغان تۇرسا، اللەنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟» (ئەنئام 135 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتتۇر.

بۇ ئايەت كەرىمدىكى مۇستەسنا، تەپسىلى بايانىدىن مۇستەسنا ئەمەس. چۈنكى تەپسىلى بايانىدىن مۇستەسنا، بايان يوقلۇق مەنىسىدە بولۇپ، ئىپادىسىز بولىدۇ.

مۇستەسنا ھاراملىقىدىن مۇستەسنادۇر. بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ ئايەت كەرىمە زۆرۈرەت ۋاقىتلىرىدا ھاراملىقنىڭ يوقلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

زۆرۈرەت زامانلىرىدا ھاراملىق ئەلۋەتتە قالمايدۇ. ھاراملىقنىڭ

هاراملىقى ئەلۋەتتە يوق بولىدۇ. هاراملىقى بىلەن بىرگە زىيىنىمۇ يوق بولىدۇ.

مەسىلە بىر تەرەپتىن شەرئى مەسىلەدۇر. بىر تەرەپتىن تەبئى مەسىلەدۇر. زۆرۈرەت زامانلىرىدا شەرىئەت ساھىبى هاراملىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. تەبىئەت زىيانلىقنى دەپئى قىلىدۇ.

زۆرۈرەت زامانلىرىدا قۇرئان كەرىمنىڭ كەڭلىكى، كەڭ يول قويۇشى مۇشۇ.

«قواعد فقهية» ناملىق كىتابىمنىڭ 21 ـ 22 ـ قائىدىلىرىدە مۇشۇ مەسىلە بايان قىلىندى.

فىقھىشۇناسلار «زۆرۈرەت هارام شەيئىلەرنى مۇباھ قىلىدۇ» دېگەن ئىبارە بىلەن تەبىر بىرىشىمۇ، شەرىئەت ئىسلامىيە هۆزۈرىدا ئەدەبكە رىئايە قىلىپ زۆرۈرەت ۋاقىتلىرىدا هاراملىق يوق بولىدۇ دېگەن تەبىرنى تاللىدىم.

## هاراق ۋەباللىرىنىڭ سەۋەبلىرى، تەدبىرلىرى

ئالكول كىسەللىكىگە مۇپتىلا بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلدىم. ئەھدى ئەتىق، ئەھدى جەدىد كىتابلىرى، شەرق شائىرلىرىنىڭ، ئىسلام سوپىلىرىنىڭ «مەي ۋە ساز» ئەدەبىياتى هاراققا مۇپتىلا بولۇشقا ئازدۇر ـ كۆپتۇر سەۋەب بولدى دېگەنىدىم. ئەسىرلەردىن بىرى داۋام قىلىپ كەلگەن تارىخى بىر سەۋەبتۇر.

1 ـ بۈگۈنكى ياشلار مۇھىت تەسىرى بىلەن، مۇناسىۋەت ئەدىبى بىلەن، ئەيشى ئىشرەت دۇنيالىرىغا مايىل بولىدۇ.

ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھاراق ئىستىمال قىلىش بۈگۈن مەدەنى ئەدەبلەردىن سانىلىدۇ. تويلارنىڭ، بۈيۈك سورۇنلارنىڭ، مەخسۇس ئولتۇرۇشلارنىڭ ئەڭ گۈزەل زىنەتلىرى بۈگۈن ھاراق شىشىلىرىدۇر. شامپانىيە پوتولكىلىرىدۇر. قونياق رومكىلىرى، ۋوتكا قەدەھلىرىدۇر.

ئالكول ۋابالىرىنىڭ ئۇمۇمى ئەڭ قۇۋۋەتلىك بۈيۈك بىر سەۋەبى بۈگۈن شۈبھىسىز ئەلۋەتتە شۇدۇر.

يەنى كەگرۇ تۇرمۇش دېسەكمۇ، ئازغۇنلۇق دېسەكمۇ جائىز بولىدۇ. لېكىن ئىسراپچىلىق دېسەك تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

بۇنداق سەۋەبلەرنى پەقەت ئىمان، پەقەت دىن، پەقەت ئەدەبلا يوق قىلالىشى مۇمكىن.

ئۇنداق «مەدەنىيەت ئەدەبلىرى» نى ئومۇمى خەلق ئىنكار قىلسا ئىدى، نەپرەتلەنسە ئىدى، ئالكول بالاسى يەر يۈزىدە قالماس ئىدى.

ئۇنداق بولمىسا يېشىل ئاي، قىزىل ئاي تەدبىرلىرىنىڭ كۆپى تامامەن بىكار كېتىدۇ.

2 ـ خەلقنىڭ، ياشلارنىڭ بىكارچىلىقلىرى، ئىشسىزلىقلىرى مۇپىتلا سەۋەبلىرى بولىدۇ، بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا قارشى تەنتەربىيە، يېزىقچىلىق، كىتاب ئوقۇشتەك مەشغۇلىيەت، ئەدەبى، سىياسى جەمئىيەتلەرنىڭ بىرىگە ئەزا بولۇش ئەڭ گۈزەل تەدبىر، ئەڭ گۈزەل تەربىيە بولۇشى مۇمكىن.

3 ـ بەزى بىچارىلەردە مەسىلىك زوروْرەت كۆچى بىلەن، رەزىللىك يولى بىلەن بۆيۈك بىر مۆسىبەت، ئېغىر بىر ھەسرەت يولى بىلەن باشلىنىدۇ.

بۆيۈك زوروْرەتىنىڭ قاتتىق ئەلەملىرىنى كۆڭۈلدىن بىر دەم بولسىمۇ چىقىرىش ئۈچۈن، مەدەنىيەت بىنالىرىدا، يەر يۈزىدە تېپىلمايدىغان شاتلىقنىڭ خىيال خارابىلىرىدىن ئىزدەش ئۈچۈن بىچارە ئىنسان، ھەسرەت داۋاسى ھېسابلاپ، ھاراق ئىستىمال قىلىدۇ. پۈتۈنلەي «كالمستجير من الرمضاء بالنار» بولىدۇ. يەنى يالقۇندىن ئوت چوقۇرىغا قاچىدۇ.

ئەڭ ئۆزۈرلىكى، ئەڭ خاتاسىمۇ مۇشۇدۇر.

بۇنىڭغا ئىماندىن، ئوبدان سەۋر قىلىشتىن، گۈزەل ھەمرادىن ئوبدان بىر تەدبىر يوقتۇر، بولمايدۇ.

«ئېيتقىنكى، بومىنىڭ يولۇمدۇر، اللەغا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز.»

## خاتىمە

مۇپتىلارغا ھۆرمەت تىلى بىلەن بىر- ئىككى سۆز.

سىز مۆھتەرەم قىرىم، قاپقاسىيا، تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى!
16 ـ ماددىنى تامامەن قوبۇل قىلىدىغان بولسىڭىز، مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ھەر قانداقىدىن ساقلانسىڭىز، ھېچبىرنى ئېچمەيدىغان بولسىڭىز، ئىقتىسادى ھاجەتلىرىڭىز ھەققىدە 62 ـ ماددە ھۆكمىگە ئەمەل قىلالىشىڭىز مۇمكىن.
ۋۇجۇدىڭىز، دىنىڭىز، دۇنيا ئىشلىرىڭىز سالامەت قالىدۇ.
قولىڭىزدىكى يەرلەرنىڭ، باغلارنىڭ قەدرى قىممىتىنى بىلىڭ،
يەرلىرىڭىز ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ بولۇپ پۈتۈن بەرىكەتلەر خەزىنىسىدۇر. ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ زۆرۈر مەنبىئىدۇر.
باغلىرىڭىز جەننەتتۇر. دۇنيا جەننىتىدۇر. ئېگىلىرىگە ئالتۇن بېرىدۇ. كۆرگۈچىلەرگە شاتلىق بېرىدۇ. سالامەتلىك بېرىدۇ.

## غايەت گۈزەل بولاتتى

ئىسلام ئالىملىرى، ئىسلام فىقھىشۇناسلىرى بۈگۈن ئىسلامىيەتنىڭ ئەدەبى ئىلىملىرىنى، دىنى ئىلىملىرىنى تولۇق كامىل بىلسە ئىدى، گۈزەل بولاتتى.
ئىسلامىيەتنىڭ ئەدەبى ئىلىملىرىنى، دىنى ئىلىملىرىنى تولۇق چۈشەنگەن ئەھلى ئىسلام فىقھىشۇناسلىرى بۈيۈك مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائى ئىلىملىرىنى، ئىقتىسادى

ئىلىملىرىنى تولۇق ئوبدان چۈشەنسە ئىدى، گۈزەل بولاتتى.

ئىسلام فىقھىشۇناسلىرىدا بۇنداق ھالەت، بۇنداق بۈيۈك بىر كامالەت بۈگۈن يوقتۇر. كېيىنكى ئەسىرلەرنىڭ ھېچبىرىدە يوقتۇر.

ئەگەر بولسا ئىدى، تېپىلسا ئىدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن قانۇن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا بۈگۈن ھۆكۈمران بولاتتى. ھاياتنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى مەدەنىيەت دۇنياسى ئىسلام تەلىملىرىدىن ئالاتتى. مەدەنى ھايات قانۇنلىرىنى ياتلاردىن ئېلىش، تاشقىرىدىن ئىزدەش ئېھتىياجى بۈگۈن بولماس ئىدى. «تۈرك مەدەنى قانۇنى» مىللى بىر خەزىنە مىللى بىر ئىجتىمائى سۈننەت بولاتتى.

تۈركىيە فىقھىشۇناسلىرىدا بۇنداق ئارزۇ قىلىنغان بىر كامال بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئىدى، تۈرك چۈشەنچىسىدە، تۈركىيە ۋەتىنى كەبى شەرەپلىك، شانلىق بىر ھۆرىيەت ساھىبى بولاتتى. تۈركىيە دۆلىتى كەبى ئىززەتلىك قۇۋۋەتلىك ئىستىقلال ساھىبى بولاتتى.

تۈركىيە فىقھىشۇناسلىرىدا بۇنداق ئارزۇ قىلىنغان بىر كامال كېيىنكى ئەسىرلەردە بولسا ئىدى، تۈرك باللىرىنىڭ روھلىرىنى، ھىسياتلىرنى، ۋىجدانلىرىنى، پىكىرلىرىنى تۈركىيە مەكتەبلىرى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتقان بولار ئىدى. تۈرك باللىرى تۈركىيەدە بۈگۈن بىر ھۆر پىكىر ساھىبى،

مۇستەقىللىق پىكىر ساھىبى بولالار ئىدى.

جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ كۈچى بىلەن شەرەپلىك، شانلىق بىر شەكىلدە تۈركىيە ۋەتىنى، تۈركىيە دۆلىتى ھۆررىيەت ساھىبى بولدى. ئىستىقلال ساھىبى بولدى. لېكىن كۆپ كىشىلەرنىڭ روھى بۇرۇنقىدەك ئەسىر قالدى.

بۇرۇن ئەقىدىمىز كالام مەزھەبلىرىگە، پۈتۈن ھەرىكىتىمىز فىقھى مەزھەبلىرىگە ئەسىر ئىدى. بۈگۈن تېخىمۇ يامان، تېخىمۇ بەتتەر شەكىلدە ئەقىدىمىز غەربچە كۆز قاراشقا، غەرب نەزەرىيەلىرىگە پۈتۈن ھەرىكىتىمىز مەدەنىيەت مودىلىرىغا ئەسىر بولدى.

بۈيۈك بىر ئىنقىلاب بار. لېكىن پىكىر، روھتا ئىنقىلاب يوق. بۇرۇنقىدەك تەقلىد، بۇرۇنقىدەك ئاسارەت ھامان باقىدۇر.

ھەر شەيئىدىن، دىندىن، دۇنيادىن تامامەن غاپىل تۈركىيە ئالىملىرى دىن داۋاسى قىلاتتى. دىن نامىغا دىن ھەققىدە داۋالىق ئىپترا قىلاتتى. ئالىملارنىڭ ئورنىغا خەلىپە بولغان ئەپەندىلەر ئىلىم ۋە ئىرپان داۋاسى قىلىدۇ. كۆپ ۋاقىتدا ئىلىم نامىدا، ئەقىل نامىدا ئىپترا قىلىدۇ.

فىقھى مەزھەبلىرىگە، كالام مەزھەبلىرىگە تەقلىد شەرتىدىن ئازات قىلىنغان تۈرك پىكرى، تۈركىيە ۋەتىنى كەبى ھۆر بولسا

ئىدى، تۈرك روھى، تۈركىيە دۆلىتى پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولسا ئىدى، گۈزەل بولاتتى.

بۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن بولسا، تۈركىيە تۈركلىرى پۈتۈن تۈركلەرگە پۈتۈن ئىسلام مىللىتىگە نەمۇنە بولىدۇ.

شۇ ئۈمىدىمنى تۈرك فىقھىشۇناسلىرىغا، تۈركىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە ھۆرمەت بىلەن، ھۆرىيەت بىلەن سۇنىمەن.

هذا جناى وحياره فيه اذ كل جان يده إلى فيه.

بۇ كىتاب قىرىم تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ سۇئاللىرىغا پەتىۋا يولى بىلەن جاۋاب بېرىش، شۇنداقلا، پۈتۈن تۈركلەرنىڭ مۇھاكىمە تەنقىتلىرىگە، پايدىلىنىشىغا سۇنۇش ئارزۇسى بىلەن رىسالە شەكلىدە نەشر قىلىندى .

— مۇئەللىپ

ھاراق بالالىرىدىن، ئالكول كىسەللىكىدىن ساقلايدىغان ئەڭ بۈيۈك ئامىل ئىنساننىڭ ئىمانى، ئەقىدىسى، ئومۇمى پىكىر قۇۋۋىتىدۇر.

قۇرئان كەرىم تەلىماتى قاچان خەلقنىڭ ئىمانى، ئەقىدىسى بولىدىغان بولسا، قۇرئان كەرىمنىڭ ھاراق ھەققىدىكى تەلىماتى قاچان مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ كۆز قارىشى بولىدىغان بولسا، مەدەنىيەت ئەقىدىسى بولىدىغان بولسا، شۇ چاغدا، پەقەت شۇ ۋاقىتىدىلا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالكول بالاسىدىن نىجات بولۇپ قۇتۇلىدۇ.

مۇۋاپىق تەدبىر، پايدىلىق تەدبىر، پەقەتلا ئىماننى قانۇن قىلماقتۇر.

ھاراق ھەققىدە قۇرئانچەئىمان ھەيئەت ئىجتىمائىيەنىڭ قانۇنى قىلىنىدىغان بولسا، ئالكول بالاسى يەر يۈزىدە قالمايدۇ.